الحب الخالد

# مەڭگۈلۈك دوستلۇق


ئەبۇ ھەسەن ۋائىلى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلھام



تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

الحب الخالد

# مەڭگۈلۈك دوستلۇق

ئەبۇ ھەسەن ۋائىلى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلھام

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

ئۈشبۇ رىسالىنى:

ئۇلار ئۈچۈن جانلىرىمىزنى پىدا قىلغۇاتقان جىھاد قوماندانلىرىغا؛ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پەقەت الله يولىدىكى جىھاد بىلەنلا ئەزىز بولالايدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشەنگەن ۋە جىھاد زېمىنلىرىدا شاھادەتنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان مۇجاھىدلارغا؛ شۇنداقلا، قېرىنداشلىرىنى ياخشى كۆرۈشكە قىزىقمىغان ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىقى تۈپەيلى كاتتا ئەجىردىن مەھرۇم قېلىۋاتقان ھەربىر كىشىگە بېغىشلايمەن.

※ ※ ※

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْأَخِلَّاءُ يَوْمَئِذٍ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا الْمُتَّقِينَ﴾ «بۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت ( خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان ) تەقۋادارلارلا ( ئۇنداق ئەمەستۇر )» (سۈرە زۇخرۇف 67 ـ ئايەت)

يەنى دۇنيالىق ئۈچۈن دوست بولۇشقانلار قىيامەت كۈنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلۈپ، ھەربىرى ئۆز ھالى بىلەن بولىدۇ ۋە ئۇلار دوست بولۇشقا تۈرتكە بولغان ئىشلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بايقايدۇ ـ دە، بىر ـ بىرىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ.

الله تائالا تەقۋادارلارنىڭ ئۇلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلَّا الْمُتَّقِينَ﴾ «پەقەت ( خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان ) تەقۋادارلارلا ( ئۇنداق ئەمەستۇر )».

تەقۋادارلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە دوستتۇر. چۈنكى، بۇلار ئارىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ياخشىلىق ۋە ساۋابقا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇلارنىڭ دوستلۇقى ئۆز ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ. الله تائالا يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاعِبَادِ لَا خَوْفٌ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ وَلَا أَنْتُمْ تَحْزَنُونَ﴾ «( ئۇلارغا ) <بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم ـ قايغۇمۇ يوق> ( دېيىلىدۇ )» (سۈرە زۇخرۇف 68 ـ ئايەت). يەنى الله ئۈچۈن دوستلاشقان تەقۋادار كىشىلەرگە مۇشۇ سۆز دېيىلگەندە ئۇلارنىڭ قورقۇنچلىرى يوق بولۇپ، غەملىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

※ ※ ※

# مۇندەرىجە

شەھىد شەيخ ئەبۇ يەھيا لىبى رەھىمەھۇللاھنىڭ تەقرىزى .......... 1
كىرىش سۆز ........................ 13
پەيغەمبەرلىك بۇلاقلىرىدىن كەلگەن بېشارەتلەر ................ 15
پەيغەمبەرلىك بۇلاقلىرىدىن كەلگەن ۋەسىيەتلەر .............. 28
سەلەف ـ سالىھلارنىڭ بېشارەتلىرى ................ 33
قىممەتلىك ھېكمەت ۋە نەسىھەتلەر.................. 35
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلەرگە بولغان مۇھەببىتى ............. 43
ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە بولغان مۇھەببىتى ............. 51
ساھابىلەرنىڭ نەزىرىدىكى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ............. 70
تابىئىنلار ۋە سەلەف ـ سالىھلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ نەزىرىدىكى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ............................ 77
الله ئۈچۈن دوستلاشقانلارنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى............... 82
الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتىكى يارقىن كۆرۈنۈشلەر .............. 88
مۇجاھىدلار ئارىسىدىكى مەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش نەمۇنىلىرى ......................... 97
خاتىمە ........................ 115

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# شەھىد شەيخ ئەبۇ يەھيا لىبى رەھىمەھۇللاھنىڭ تەقرىزى

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ﷲ قا خاستۇر. رەھمەت ۋە سالاملار مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇ زاتنى دوست تۇتقان كىشىلەرگە بولسۇن!

پەقەت ﷲ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولغان ۋە ﷲ يولىدا ئورنىتىلىدىغان سەمىمىي قېرىنداشلىق، چوڭقۇر دوستلۇق ۋە قىزغىن مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى مۇجاھىدلار ئارىسىغا چېچىش، تارقىتىش ۋە ئۇلارغا ئەسلىتىشتىنمۇ ئارتۇق ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك. چۈنكى، مانا مۇشۇنداق دوستلۇق رىشتىسى ئارقىلىقلا مۇجاھىدلار سەپلىرى راۋۇرۇس، مۇستەھكەم، كۈچلۈك ۋە يىمىرىلمەس گەۋدىگە ئايلىنالايدۇ. بۇنداق دوستلۇق نوقۇل جامائەت شوئارلىرى ۋە تەشكىلات ناملىرى بىلەنلا ھاسىل بولماستىن، بەلكى مۇجاھىدنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىياپىتى، قەلب ۋە بەدەن ئەزالىرىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

بۇ خىل دوستلۇق — ئۆكسۈمەس بۇلاققا ئايلانغان مۇھەببەتلىك قەلبلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىدۇر. بۇ بۇلاقنى ياساملىق لېيىتالمايدۇ، خۇشامەت خۇنۈكلەشتۈرەلمەيدۇ، بۇنىڭغا يىرىكلىك ئەسلا سىغىشمايدۇ. بۇ مۇھەببەت بۇلىقى — ئۆزىنىڭ پاكلىقى، سۈزۈكلۈكى ۋە ئەۋرىشىملىكى بىلەن سۇ ئۆز رىتىمىدا ئاققاندەك رىتىملىق ئاقىدۇ. ئۆزئارا تونۇش روھلار ئەنە شۇ مۇھەببەتنىڭ پايانسىز سايىسىدا تەننىڭ يېقىنلىقىدىنمۇ بەكرەك يېقىنلىشىدۇ؛ روھلارنىڭ مانا بۇنداق يېقىنلىشىشى ئارقىلىق ئۆزئارا تەلپۈنۈش ۋە ئوتلۇق مۇھەببەت ھاسىل بولىدۇ. بۇ مۇھەببەت

ئۇلپەتداشلىق، قېرىنداشلىق ۋە سەبداشلىق ئارقىلىق كۆچىيىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئىككى تەندىكى بىر روھقا ئايلىنىدۇ. روھلارنىڭ بىرلىشىپ، تەنلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ھېچقانداق زىيان سالالمايدۇ. ئەكسىچە، تەنلەرنىڭ بىرلىشىپ، روھلارنىڭ ئىختىلاپلىشىشى ئەڭ زور پاجىئەدۇر. روھلىرى بىرلەشكەن، ئەمما تەنلىرى پەرقلىق بولغان بۇنداق كىشىلەر الله نىڭ ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُمْ بُنْيَانٌ مَرْصُوصٌ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى)يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى دوست تۇتىدۇ»[1] دېگەن ئايىتىگە مۇۋاپىقلاشقان كىشىلەردۇر.

تەنلىرى بىرلەشكەن، ئەمما روھلىرى پەرقلىق بولغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿تَحْسَبُهُمْ جَمِيعًا وَقُلُوبُهُمْ شَتَّى ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَعْقِلُونَ﴾ «ئۇلارنى ئۆم دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر»[2]. بۇلار ـــ تاشقى قىياپىتى گۈزەل، ئىچكى دۇنياسى خاراب؛ تىلى شېكەر، دىلى زەھەر كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەلبلەردىكى مېھىر-مۇھەببەت ۋە دوستلۇق رىشتىسى ئارقىلىق ئىمانىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى قانداق چىڭىتقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ. مانا مۇشۇ مۇھەببەت رىشتىسى بىلەن مۇسۇلمانلار بىر جان، بىر تەنگە ئايلانغان. چۈنكى، پەيغەمبەرﷺ: «مثل المؤمنين في توادهم وتراحمهم وتعاطفهم مثل الجسد إذا اشتكى منه عضو تداعى له سائر

---

[1] سۈرە سەپ 4 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەشر 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الجسد بالسهر والحمى» «مۆئمىنلەر بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش، بىر-بىرىگە مېھر-مۇھەببەت يەتكۈزۈش ۋە ھېسداشلىق قىلىشتا خۇددى بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇكى، بەدەنىنىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، باشقا پۈتۈن ئەزالار بىئارام بولۇپ، ئۇيقۇسىز قالىدۇ» دېگەن.[1]

مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى الله ئۈچۈنلا بولغان ساپ مۇھەببەت ـــ ئىماننىڭ شېرىن لەززىتىنى تېتىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر. ئىمان ساپ مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدە كۈچىيىدۇ، ساپ مۇھەببەتمۇ ئىمان ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئىمان مۇھەببەتنى، مۇھەببەت ئىماننى چىڭىتىدۇ. سەمىمىي ۋە سۈزۈك مۇھەببەت كۈچەيسە، مۇھەببەت ساھىبىنىڭ ئىمانى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ ئىماننىڭ شېرىن لەززىتىنى تېتىيالايدۇ ۋە ھېس قىلالايدۇ. شۇ لەززەتنى ھېس قىلىشقا باشلىغاندا قېرىنداشلار ئارا دوستلۇق مېھرى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، قەلبلەر گىرەلىشىدۇ، روھ ۋە قانلار بىرلىشىدۇ. مانا بۇ چاغدا كىشىنى ئۇلپەتداشلىق بەخش ئەتكەن مېھىر-شەپقەت ھېسلىرى ئورايدۇ؛ قەلبلەر تەسكىن تېپىپ، الله نىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان قېرىنداشلىق نېئمىتىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ نېئمەت ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُمْ بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا**﴾ «الله دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، الله نىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار»[2].

بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ثلاث من كن فيه وجد حلاوة الإيمان: أن يكون اللّٰه ورسوله أحب إليه مما سواهما، وأن يحب المرء لا يحب إلا للّٰه، وأن يكره أن

[1] مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.
[2] سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يعود في الكفر بعد أن أنقذه اللّه منه كما يكره أن يقذف في النار» «تۆۋەندىكى ئۈچ خىسلەتنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرگەن كىشى ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ: اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلىنى ھەممە نەرسىدىن بەك ياخشى كۆرۈش، باشقىلارنى پەقەت اللە ئۈچۈنلا دوست تۇتۇش، اللە ئۇنى كۇفۇرلۇقتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، كۇفۇرلۇققا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش». [1]

دوستلىشىشنىڭ ئىمانغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇنۇ ھەدىس تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «والذي نفسي بيده لا تدخلون الجنة حتى تؤمنوا، ولا تؤمنوا حتى تحابوا، أولا أدلكم على شيء إذا فعلتموه تحاببتم؟ أفشوا السلام بينكم» «جېنىم قولىدا بولغان اللە بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلار بىلەن ھەقىقىي دوست بولمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر. مەن سىلەرنى ئەمەل قىلساڭلار بىر-بىرىڭلار بىلەن ھەقىقىي دوستلىشىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار». [2]

ئىماننىڭ دوستلىشىشقا باغلانغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دوستلۇق رىشتىسىنى ئورنىتىدىغان سەۋەبلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشمۇ ئەنە شۇ سەۋەبلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزئارا ھەدىيە قىلىشىشتەك نۇرغۇن سەۋەبلەرمۇ بار بولۇپ، مۇئمىن كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن باشقا مۇسۇلمان

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ساپ ۋە سەمىمىي دوستلۇققا ۋاستە بولىدىغان شەرىئەتكە مۇۋاپىق سەۋەبلەرنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشى — دىنىمىزدا تەلەپ ۋە تەكلىپ قىلىنىدىغان ئىشلار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ساپ دوستلۇق جەننەت ئاچقۇچى بولغان مۇكەممەل ئىمانغا يەتكۈزىدىغان ۋاستە بولۇشى كېرەك. مانا بۇنداق ئىمان بىلەن ساپ دوستلۇق خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويۇلغاندەك بىر-بىرىگە زىننەت بېغىشلايدۇ.

مۇجاھىدلار — ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى، دىنىنى ھاكىم قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئۈممەت يېتەكچىلىرىدۇر. مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇلارنى ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇشقا ۋە دوستلىشىشقا يېتەكلەش — دىنىنى ھاكىم قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ تەلەپ تەقەززالىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇجاھىدلار بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، مېھىر ـ شەپقەت قىلىش، دوست ۋە قېرىنداش بولۇشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزئارا دوستلۇق رىشتىسىنى چىڭىتىشى، بۇ رىشتىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ئامىللاردىن يىراق تۇرۇشى، بۇ رىشتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىشى، شۇنداقلا بۇ رىشتىنى كۈچەيتىش سەۋەبلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئويلاپ بېقىڭ! ئۆزلىرىنىڭ قەلبلىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن مۇجاھىدلار جامائەسى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىنى قانداقمۇ ئۆزىگە رام قىلالىسۇن؟! ناۋادا بەزى مۇجاھىدلار بىلىمسىزلىكى ياكى ئەخلاقىي نۇقسانلىرى تۈپەيلى دۈشمەنلىشىش ۋە نەپرەتلىنىش پىلتىسىگە ئوت يېقىپ، ھالاك قىلغۇچى ئاداۋەت ئوتلىرىنى ئۇلغايتسا، شۇنىڭدەك

مۇجاھىدلار ئارىسىدا ھەسەت ۋە مەنمەنچىلىكتىن ئىبارەت ناچار ئىللەتلەرگە ئىشىك ئاچسا، ئۇممەتنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كېتەر ـ ھە؟! الله بىزلەرنى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن (ئامىن!).

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇپ ـ جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان كامىل ئىمانىنى «چىن دوستلۇقسىز ھاسىل بولمايدۇ» دېيىشى ئىمانىي قېرىنداشلىقنىڭ الله نىڭ دىنىدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ھىببان رەھىمەھۇللاھ «الله ئۈچۈن دوستلاشمىغان كىشىدە ئىمان يوق ئىكەنلىكى ھەققىدە» دەپ باب كەلتۈرگەن. بۇ بابتا كۆزدە تۇتۇلغان كىشى ــ دوستلۇق ئورنىتىشقا تىرىشماسلىق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىگە بوشاڭلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىللەتكە گىرىپتار بولغان كىشىدۇر. ۋەھالەنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئەمەللىرى ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك، نەپرەت ۋە سوغۇق مۇئامىلە ئۇرۇقلىرىنى چېچىش ئارقىلىق ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلىنى ناچارلاشتۇرۇش، خۇسۇسەن مۇجاھىدلار ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولسا، بۇ كىشىنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر؟ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَتَحْسَبُونَهُ هَيِّنًا وَهُوَ عِنْدَ اللَّهِ عَظِيمٌ**﴾ «ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، الله نىڭ نەزىرىدە، ئۇ چوڭ گۇناھتۇر»[1].

بۇنداق كىشىدە جەننەتكە كىرىشكە ۋە دوزاختىن قۇتۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئىماندىن يەنە نېمىمۇ قېلىپ قالىدۇ؟! مۇشۇ سەۋەبتىن، يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ بەزى نەقىللىرىنىڭ بېشىدا (بۇ نەقىلنىڭ ئىسنادى ئاجىز) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «دب إليكم داء الأمم قبلكم: الحسد والبغضاء، هي الحالقة،

[1] سۈرە نۇر 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لا أقول تحلق الشعر ولكن تحلق الدين» «سىلەرگە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ كېسەللىرى سىڭىپ كىردى، ئۇ بولسىمۇ ھەسەت ۋە ئاداۋەتتۇر. ئاداۋەت ئۇستىرىغا ئوخشايدۇ. خۇددى ئۇستىرا چاچنى چۈشۈرگەندەك، ھەسەت دىننى چۈشۈرۈپ تاشلايدۇ (يەنى دىننى يوقىتىدۇ)»[1] دېگەن سۆزلىرى قوشۇپ نەقىل قىلىنغان.

بۇ ھەقتە يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «وإياكم والبغضة فإنها هي الحالقة، لا أقول لكم: تحلق الشعر، ولكن تحلق الدين» «سىلەر ئاداۋەتتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ ئاداۋەت ئۇستىرىغا ئوخشايدۇ. خۇددى ئۇستىرا چاچنى چۈشۈرگەندەك، ئاداۋەت دىننى چۈشۈرۈپ تاشلايدۇ (يەنى دىننى يوقىتىدۇ)».[2]

الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئاداۋەت خۇددى ئۇستىرا چاچنى چۈشۈرۈپ تاشلىغاندەك، دىننى يوقۇتۇپ تاشلايدۇ. ھەسەت ۋە ئاداۋەتتىن ئىبارەت ناچار سۈپەتلەر ئىنساننىڭ دىنىدىكى مۇسىبەت بولۇپ، ئىنساننى دىنىدىن مەھرۇم قىلىپ قويغىلى تاسلا قالىدۇ. مانا بۇ خىل ناچار سۈپەتلەر ئىنساننى يالغان سۆزلەش، بوھتان چاپلاش، غەيۋەت قىلىش، سۇخەنچىلىك قىلىش، باشقىلارنى سۆكۈش (نامىغا داغ تەگكۈزۈش)، مۇسۇلمانلار ھەققىدە گۇمانخورلۇق قىلىش، جاسۇسلۇق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىشەنمەسلىكتەك ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىققا گىرىپتار قىلىدۇ. بۇ خىل قەلبىي كېسەللىكلەر ئىنسان روھىيىتىگە سىڭگەندە سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش، بىھۇدە دەتالاش قىلىش، بۆلۈنمىچىلىك ۋە پارچىلىنىشتەك پاجىئەلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ھەتتاكى، بۇ خىل كېسەللىكلەر بەزىدە ناھەق

---

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

قان تۆكۈش، ماللارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئىنسان بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ.

دېمەك، مۇجاھىدلار چىن ئىمانىي دوستلۇقنى ئۆز رېئاللىقىدا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كۆرسىتىپ، قەلبلىرى ئۆزئارا باغلانمىغۇچە ھەمدە بۇ خىل دوستلۇققا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتمىگۈچە، قۇرئاندا سۈپەتلەنگەن بىنالىرى پۇختا، سەپلىرى مۇستەھكەم قوشۇننى ھەرگىز بەرپا قىلالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ قەلبلىرى پاكلانغان، كۆڭۈللىرى رازىمەنلىك ۋە ئالىيجانابلىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلگەن ۋاقىتتىلا، دۇنيانىڭ جەننىتى بولغان ئىمانىي شېرىن لەززەتنىڭ ئۆزئارا ئۇلپەتچىلىك ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ. ساغلام قەلب ئىگىسىنى ھۆرمەت قىلىدىكى، ئۇ قەلب — ھەسەت، خىيانەت، تەكەببۇرلۇق، ئەدەپسىزلىك ۋە مەغرۇرلۇقتىن ئىبارەت كىر ـ غۇبارلاردىن پاك ۋە سۈزۈك قەلبتۇر. پاھ! بۇنداق قەلب ئىگىسىنىڭ ھاياتى نېمىدېگەن بەختلىك، كۆڭلى نېمىدېگەن خاتىرجەم ـ ھە!

مانا بۇ ساپ ۋە سەمىمىي دوستلۇق — غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ كېلىشى ياكى كېچىكىشىدە ئاجايىب مۇھىم رول ئوينايدۇ. مانا بۇ دوستلۇق ئارقىلىق مۇجاھىدلارنىڭ سەپلىرى الله نىڭ دەرگاھىدا سۆيۈملۈك بولىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ مۇھىم رول ئوينىمىسۇن؟! الله تەرىپىدىن ياردەم بېرىلىدىغان مۇئمىن مۇجاھىدلارنىڭ سۈپەتلىرى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە روشەن بايان قىلىنغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَنْ يَرْتَدَّ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى**

الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ﴾ «ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ»[①].

قەلبلەرنىڭ بىرلىشىشى ــ الله قا قىلىنغان ئەڭ كاتتا ئىبادەت ۋە الله ئاتا قىلغان ئەڭ ئېسىل نېئمەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ لَوْ أَنْفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مَا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ إِنَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «الله مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن الله (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىتى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[②]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ الرَّحْمَنُ وُدًّا﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ»[③].

ئەمما، ئۆزئارا گىنە ـ ئاداۋەتلەرنى قوزغاش، ئۆچمەنلىك ئوتلىرىنى ئۇلغايتىش ۋە ئۇنى كۈشكۈرتۈش ــ شەيتاننىڭ ئۆز رەزىل مەقسەتلىرىگە يېتىشىدىكى مۇھىم ۋاستىلىرى بولۇپ، شەيتان بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرۋاقىت بوشاشماي ھەرىكەت قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَعَنِ الصَّلَاةِ فَهَلْ أَنْتُمْ مُنْتَهُونَ﴾ «شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت

---

① سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەنفال 63 ـ ئايەت.
③ سۈرە مەريەم 96 ـ ئايەت.

تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟»[1].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن الشيطان قد يئس أن يعبده المصلون في جزيرة العرب، ولكن في التحريش بينهم» «شەيتان ئەرەب ئارىلىدىكى ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە قۇلچىلىق قىلىشىدىن ئۈمىد ئۈزدى، لېكىن ئۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش كويىدادۇر»[2].

ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «التحريش — كۇشكۇرتۇش دېگەنلىكتۇر. ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت تېرىش ئۈچۈن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزۇشقا تىرىشىدۇ».

الله يولىدىكى دوستلۇقنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز تولىمۇ ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇنى بىرقانچە بەت سۆز بىلەنلا تونۇشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ. قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ چۈنكى ئۇ — مەڭگۈلۈك دوستلارنىڭ ئۆلپەتداشلىقى ۋە ئىمانىي قېرىنداشلىقنىڭ پارلىغان روھى تۇرسا! ئالىملار بۇ خىسلەتنىڭ پەزىلىتىنى تونۇشتۇرۇپ مەخسۇس كىتابلارنى يازغان ۋە ئۇنى قوغداش يوللىرىنى كۆرسەتكەن، قولغا كەلتۈرۈشكە قىزىقتۇرغان.

مەن (شەيخ ئەبۇ يەھيا) سۆيۈملۈك قېرىندىشىم ئەبۇ ھەسەن ۋائىلىنىڭ الله نىڭ نېئمىتىنى بايان قىلىش، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن باشقىسى ئەسقاتمايدىغان سەمىمىي قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت ئىلاھىي سوۋغىنى كۈچلەندۈرۈش توغرىسىدا ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ۋە توپلىغان رىسالىسىنى تېزلا كۆرۈپ چىقتىم (الله ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھەققە مۇۋاپىق

[1] سۈرە مائىدە 91- ئايەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

قىلىپ بەرسۇن!). قىيامەت كۈنى الله يولىدىكى دوستلۇقتىن باشقا دوستلۇقنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا نُفِخَ فِي الصُّورِ فَلَا أَنْسَابَ بَيْنَهُمْ يَوْمَئِذٍ وَلَا يَتَسَاءَلُونَ﴾ «سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇد بولماي قالىدۇ. بىر-بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ»[①]

ھالاك بولغانلار ﴿وَمَا أَضَلَّنَا إِلَّا الْمُجْرِمُونَ۝فَمَا لَنَا مِنْ شَافِعِينَ۝وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٍ۝﴾ «بىزنى پەقەت گۇناھكارلارلا ئازدۇردى [99]. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق [100] ۋە يېقىن دوستمۇ يوق [101]»[②] دەپ نىدا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇناسىۋەتلىرىنى ئوي-خىياللىرى، نەپسى-خاھىشلىرى، دۇنيا مەنپەئەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەرزىمەس ماتالىرى ئۈستىگە قۇرغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق مۇناسىۋەتلىرى ئۇلارنىڭ دۇنيادىن يوقىلىشى بىلەن تەڭلا يوقالغان. شۇڭلاشقا، بۇلارنىڭ ئالاقە-مۇناسىۋەتلىرى ئۆزلىرىگە ھەسرەت-نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ ئەمەللىرى تۈپەيلى ئۇلار بىر-بىرىگە لەنەت قىلىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئاداۋەتكە، سۆھبىتى بەختسىزلىككە ئالمىشىدۇ.

ئەمما، مۇستەھكەم ئىمان، سەمىمىي مۇھەببەت ئىگىلىرى بۇ مۇھەببەت بىلەن دۇنيادا مەنپەئەتلەنگەندەك قىيامەتتە ھەم مەنپەئەتلىنىدۇ. الله رىزالىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەل مەڭگۇ داۋاملىشىدۇ ۋە ئۆلىشىپ بارىدۇ، الله رىزالىقى ئۈچۈن بولمىغان نەرسە يوقاپ كېتىدۇ ۋە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ (الله سىزگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن!).

ئەجەل كېلىشتىن ۋە ھۆججەت تۇرغۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى

---

① سۇرە مۆئمىنۇن 101- ئايەت.

② سۇرە شۇئەرا 99- ئايەتتىن 101- ئايەتكىچە.

مۇناسىۋەتلىرىڭىزنى قايسى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇۋاتقانلىقىڭىزغا قاراڭ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْأَخِلَّاءُ يَوْمَئِذٍ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا الْمُتَّقِينَ۝ يَا عِبَادِ لَا خَوْفٌ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ وَلَا أَنْتُمْ تَحْزَنُونَ۝ الَّذِينَ آمَنُوا بِآيَاتِنَا وَكَانُوا مُسْلِمِينَ۝﴾ «بۇ كۈندە دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر) [67]. (ئۇلارغا) <بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم-قايغۇمۇ يوق> (دېيىلىدۇ) [68]. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى [69]».[1]

بىز الله تىن ئەبۇ ھەسەنگە ئەجىر بېرىشىنى، بىزنى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى الله تائالا ئۇلار توغرىسىدا ﴿وَالَّذِينَ جَاءُوا مِنْ بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ۝﴾ «ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: <پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن> دەيدۇ»[2] دېگەن كىشىلەردەك بىر-بىرىگە كۆيۈنىدىغان، الله يولىدا دوستلاشقۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز.

[1] سۈرە زۇخرۇف 67-، 68- ۋە 69- ئايەتلەر.

[2] سۈرە ھەشر 10- ئايەت.

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنىڭ رەببى اللە قا خاستۇر. ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى، ئىنسانلارنىڭ يولباشچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە يېتەكچىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ساھابىلىرىگە دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن.

جىھاد زېمىنىدا اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، ئىسلام زېمىنلىرىنى قوغداش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ساقلاشتىن ئىبارەت كاتتا نېئمەتلەرنى ئۆز مەرھەمىتى بىلەن ماڭا مۇيەسسەر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە روھىم ۋە جىسمىمنى جىھاد زېمىنىغا باغلاش ئارقىلىق مېنى قۇتۇلدۇرغان اللە قا ھەمدىلەر بولسۇن!

جىھاد زېمىنى — ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقۇلىرى بولغان اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان ئۇيۇشۇشچان مۇكەممەل جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر. چۈنكى، اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش جىھادىي جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكلىرى ۋە ئاساسلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. شەيخ سۇلايمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە اللە ئۈچۈن ئۆچ كۆرۈش، اللە ئۈچۈن دۈشمەنلىشىش ۋە اللە ئۈچۈن دوستلىشىش ئارقىلىقلا دىن مۇكەممەللىشىدۇ، جىھاد تۇغى تىكلىنىدۇ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئەمەلگە ئاشىدۇ».

مۇجاھىدلار — (بىز ئۇلارنى شۇنداق ئويلايمىز) اللە ئۈچۈن ياخشى

كۆرۈشتە ئەڭ نەمۇنىلىك كىشىلەردۇركى، بۇنىڭ ھېچ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. چۈنكى، ئۇلار ماللار، جانلار، زىرائەتلەر ۋە ئەزالار زىيانغا ئۇچرايدىغان بۇ ساھەگە چىقىش ئۈچۈن، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى، مال ـ ماتالىرىنى، پەرزەنت ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بىر ياقا قايرىپ قويغان كىشىلەردۇر.

شۇڭلاشقا، چىن سەمىمىي دوستلۇقنى ئارزۇ قىلغان كىشى جىھاد مەيدانىغا كەلسۇن. پەقەت تەرجىمھال ياكى تارىخىي كىتابلاردىلا ئۇچراتقىلى بولىدىغان، مۇجاھىدلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ئۆز ئېھتىياجىدىن ۋاز كېچىدىغان ئىمانىي دوستلۇق نەمۇنىلىرىنى بىلمەكچى ۋە بۇ قېرىنداشلىق تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلماقچى بولسا، ھىجرەتكە يول ئالسۇن.

مەن سىلەرگە بۇ ئاددىيغىنە رىسالىنى سۇنىمەن. ئۇشبۇ رىسالىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىدىن ۋە ئەسەرلەردىن قولاي بولغانلىرىنى، سەلەفلەرنىڭ الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش توغرىسىدىكى نەقىل قىلغان سۆزلىرىنى ۋە يەنە مەن بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان مۇجاھىد ياكى شەھىد قېرىنداشلىرىم (بىز ئۇلارنى شەھىد دەپ ئويلايمىز، الله ياخشى بىلگۈچى) تەرىپىدىن سۆزلەنگەن قىسسەلەرنى بايان قىلدىم.

مەزكۇر رىسالىنىڭ ھەرپلىرىنى قەلب كۆزىڭىز بىلەن ئوقۇڭ. رىسالىدىكى ھەربىر مەزمۇن ئويلىنىشقا ۋە تەپەككۇر قىلىشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى، ئۇنى ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بۈيۈك ئەجىر ۋە كاتتا پەزىلەتكە ئېرىشەلەيسىز.

ـــ ئەبۇ ھەسەن ۋائىلى

ھىجرىيە 1433 ـ يىلى ئەراپات كۈنى

# پەيغەمبەرلىك بۇلاقلىرىدىن كەلگەن بېشارەتلەر

## ❖ ئىنسان قىيامەت كۈنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ

«عن أنس رضي اللّه عنه: أن رجلا سأل النبي ﷺ فقال: متى الساعة؟ قال: وما أعددت لها؟ قال: لا شيء إلا أني أحب اللّه ورسوله فقال: أنت مع من أحببت، قال أنس: فما فرحنا بشيء فرحنا بقوله ﷺ أنت مع من أحببت».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ دىن:

— قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— قىيامەتكە نېمە تەييارلىدىڭ؟ — دېدى. ئۇ ئادەم:

— الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈشتىن باشقا تەييارلىقىم يوق، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— سەن(قىيامەت كۈنى) ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن — دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ھېچ نەرسىگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن> دېگەن سۆزىگە خۇشال بولغاندەك خۇشال بولۇپ باقمىدۇق».[1]

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ثلاث أحلف عليهن، لا يجعل اللّه من له سهم الإسلام كمن لا سهم له، وأسهم الإسلام الثلاثة: الصلاة والصوم والزكاة، ولا يتولى اللّه عبدا في الدنيا فيوليه غيره يوم القيامة ولا يحب رجل قوما إلا جعله معهم والرابعة لو حلفت عليها رجوت أن لا آثم لا يستر اللّه عبدا في الدنيا إلا ستره يوم القيامة» «مەن كەسكىن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئېيتالايدىغان ئۈچ ئىش بار: الله ئىسلامدا ھەسسىسى بار كىشى بىلەن ھەسسىسى يوق كىشىنى ھەرگىز باراۋەر قىلمايدۇ،

[1] بۇخارى توپلىغان.

ئىسلامنىڭ ھەسسىسى ئۈچ بولۇپ، ناماز، روزا ۋە زاكاتتىن ئىبارەتتۇر: الله دۇنيادا بىر بەندىنى دوست تۇتسا، ئۇنى ئاخىرەتتە ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ؛ بىر كىشى بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، الله ئۇنى شۇلار بىلەن بىللە قىلىدۇ. تۆتىنچى بىر ئىش بار بولۇپ، مەن ئۇ ئىشنى قەسەم قىلىپ ئېيتسام خاتالاشماسلىقىمنى ئۈمىد قىلىمەن، الله بىر بەندىنىڭ ئەيىبىنى دۇنيادا ياپسا، ئۇنى قىيامەتتىمۇ ياپىدۇ».[1]

ئەبۇ يەئلا توپلىغان نەقىلدە «ولا يحب قوما إلا جاء معهم يوم القيامة» «بىر قەۋمنى ياخشى كۆرگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئۇلار بىلەن بىللە كېلىدۇ» دېيىلگەن.[2] تەبەرانى توپلىغان نەقىلدە: «إلا حشر معهم» «ئۇلار بىلەن بىللە تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېيىلگەن.[3]

## ❖ الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ثلاث من كن فيه وجد بهن حلاوة الإيمان: أن يكون اللَّه ورسوله أحب إليه مما سواهما، وأن يحب المرء لا يحبه إلا للَّه وأن يكره أن يعود في الكفر كما يكره أن يقذف في النار» «كىمدە مۇنۇ ئۈچ خىسلەت تېپىلسا، ئۇ كىشى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ: الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى بارلىق نەرسىدىن بەك ياخشى كۆرۈش، بىر كىشى بىلەن پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا دوست بولۇش، كۇفۇرلۇققا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان

[1] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.
[2] ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كۆرگەندەك يامان كۆرۈش». [1][2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «من أحب أن يجد طعم الإيمان فليحب المرء لا يحبه إلا للّه» «كىمكى ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىشنى ياخشى كۆرسە، بىر كىشىنى پەقەت اللہ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرسۇن» دېگەن. يەنە بىر نەقىلدە: «من سره أن يجد طعم الإيمان فليحب المرء لا يحبه إلا للّه عز و جل» «كىمنى ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىش خۇرسەن قىلسا، بىراۋنى پەقەت اللہ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرسۇن»[3] دېگەن.

**❖ رەھمان تائالا ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ـــ ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقۇسىدۇر**

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كنا جلوساً عند النبي ﷺ فقال: أي عرى الإسلام أوثق؟ فقالوا: الصلاة،قال: حسنة وما هي بها! قالوا: صيام رمضان قال: حسن وما هو به؟ قالوا: الجهاد قال: حسن وما هو به؟ قال: إن أوثق عرى الإيمان أن تحب للّه وتبغض في اللّه».

بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقۇلىرى قايسى؟ ـــ دېدى. ساھابىلەر:

[1] ئىبنى رەجەب مۇنداق دېگەن: مانا بۇ ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت ئىمان خىسلەتلىرىنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر. كىمكى بۇ ئۈچ تۈرلۈك خىسلەتنى مۇكەممەللەشتۈرسە ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى ۋە لەززىتىنى تېتىغان بولىدۇ. دېمەك، خۇددى ئېغىز تائام ۋە ئىچىملىكنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغاندەك، قەلب ئىماننىڭ ھالاۋىتى ۋە لەززىتىنى تېتىيدۇ. خۇددى تائام ۋە ئىچىملىك تەننىڭ غىزاسى ۋە قۇۋۋىتى بولغىنىدەك، ئىمان ـــ قەلبنىڭ غىزاسى ۋە قۇۋۋىتىدۇر. بەدەن تائام ۋە ئىچىملىكنىڭ ھالاۋىتىنى پەقەت ساغلام بولغان ۋاقتىدىلا تېتىيالايدۇ. ئەگەر بەدەن ئاغرىپ قالسا، تائام ۋە ئىچىملىكتىن ئۆزىگە مەنپەئەت بېرىدىغان نەرسىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالمايدۇ. ئەكسىچە، كېسەلنىڭ غالىب كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە زىيانلىق ۋە ھالاۋىتى يوق نەرسىنى تاتلىق ھېسابلايدۇ. ئەنە شۇنىڭدەك، قەلبمۇ قاچانكى ئازدۇرغۇچى ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن ۋە ھارام قىلىنغان شەھۋەتلەردىن سالامەت بولغاندا، ئىماننىڭ ھالاۋىتى ۋە لەززىتىنى ئۇنىڭ كېسەللىرى ۋە ئاپەتلىرى ئارىسىدىن تېتىيدۇ ۋە شۇ ۋاقىتتا ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تاپىدۇ. ئەگەر قەلب كېسەل بولۇپ قارىداپ كەتكەن بولسا، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالمايدۇ، بەلكى ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان ھاۋايى-ھەۋەس ۋە گۇناھ ئىشلارنى ياخشى دەپ ئويلايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ﷺ «زىناخور مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد ۋە بەززار توپلىغان.

ــ ناماز ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ياخشى، لېكىن ناماز ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقۇلىرى ئەمەس ــ دېدى. ساھابىلەر:

ــ رامىزان روزىسى ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ياخشى، لېكىن رامىزان روزىسى ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقۇلىرى ئەمەس ــ دېدى. ساھابىلەر:

ــ جىهاد ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ياخشى، لېكىن جىهاد ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقۇلىرى ئەمەس، ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقۇلىرى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە الله ئۈچۈن ئۆچ كۆرۈشتۇر ــ دېدى.[1]

**❖ الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ــ بەندىدىكى ئىماننىڭ ئىپادىسىدۇر**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تدخلون الجنة حتى تؤمنوا، ولا تؤمنوا حتى تحابوا، ألا أدلكم على ما تحابون به؟ أفشوا السلام بينكم» «سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر، سىلەرگە بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان نەرسىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار».[2]

**❖ الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ــ بەندىنى الله نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلاردىندۇر**

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ

---

[1] ئەھمەد ۋە ئەرنەئۇت توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قال تعالى: وجبت محبتي للمتحابين في، والمتجالسين في، والمتزاورين في، والمتباذلين في» «الله تائالا: <مېنىڭ مۇھەببىتىم مەن ئۈچۈن دوستلاشقان، مەن ئۈچۈن ھەمسۆھبەت بولۇشقان، مەن ئۈچۈن زىيارەت قىلىشقان ۋە مەن ئۈچۈن ئۆزئارا بىر نەرسىلەرنى بېرىشكەن كىشىلەرگە ۋاجىب بولدى> دەيدۇ».[①]

پەيغەمبەر ﷺ ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن: الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «حقت محبتى للمتحابين فى وحقت محبتى للمتواصلين فى وحقت محبتى للمتناصحين فى وحقت محبتى للمتزاورين فى وحقت محبتى للمتباذلين ، المتحابون فى على منابر من نور يغبطهم بمكانهم النبيون والصديقون والشهداء» «مېنىڭ مۇھەببىتىم مەن ئۈچۈن دوستلاشقان، مەن ئۈچۈن سىلە-رەھىم قىلىشقان، مەن ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشقان، مەن ئۈچۈن زىيارەت قىلىشقان ۋە مەن ئۈچۈن ئۆزئارا بىر نەرسىلەرنى بېرىشكەن كىشىلەرگە ۋاجىب بولدى، مەن ئۈچۈن دوستلاشقانلار نۇردىن بولغان مۇنبەرلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلەرمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ».[②]

**❖ الله ئۈچۈن دوستلاشقانلار الله نىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق كۈندە الله نىڭ سايىسىدا سايىدايدۇ**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللَّه تعالى يقول يوم القيامة: أين المتحابون بجلالي؟ اليوم أظلهم في ظلي يوم لا ظل إلا ظلي» «ھەقىقەتەن، الله تائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: <مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەر قېنى؟ مانا مېنىڭ سايەمدىن باشقا سايە يوق بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلارنى ئۆز سايەم ئاستىغا

---

[①] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، ئەرنەئۇت «ئىسنادى سەھىھ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

ئالىمەن»».[1]

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سبعة يظلهم اللّٰه في ظله يوم لا ظل إلا ظله: إمام عادل، وشاب نشأ في عبادة اللّٰه تعالى، ورجل قلبه معلق في المساجد، ورجلان تحابا في اللّٰه اجتمعا عليه، وتفرقا عليه، ورجل دعته امرأة ذات منصب وجمال، فقال: إني أخاف اللّٰه، ورجل تصدق بصدقة فأخفاها حتى لا تعلم شماله ما تنفق يمينه، ورجل ذكر اللّٰه خاليا ففاضت عيناه» «الله نىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) الله يەتتە تۈرلۈك كىشىنى ئۆزىنىڭ سايىسىدا سايىدىتىدۇ. ئۇلار: ① ئادىل پادىشاھ. ② الله نىڭ ئىبادىتىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ياش يىگىت. ③ قەلبى الله نىڭ مەسجىدىگە باغلانغان كىشى. ④ الله ئۈچۈن دوست بولۇپ جەم بولغان[2] ۋە الله ئۈچۈن ئايرىلغان[3] ئىككى كىشى. ⑤ مەرتىۋىلىك ۋە چىرايلىق ئايال ئۆزىگە (يەنى زىنا قىلىشقا) چاقىرسا، مەن الله تىن قورقىمەن دەپ رەت قىلغان كىشى. ⑥ ئوڭ قولى قىلغان سەدىقىنى سول قولى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە قىلغان كىشى. ⑦ خالىي

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ناھايىتى ئېنىقكى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ئىنساننى نەپسى ـ خاھىشنىڭ دۇنيالىق مەقسەتلىرىگە كۈشكۈرتۈپ، الله تىن باشقا مۇددىئالار ئۈچۈن دوستلىشىشقا چاقىرىدۇ. الله ئۈچۈن دوستلاشقان ئىككى كىشى ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە قارشى جىھاد قىلغان كىشىلەردۇر. بۇنداق ياخشى كۆرۈش ھېچقانداق دۇنيالىق مەقسەتلەر ئارىلاشماستىن پەقەت الله ئۈچۈنلا بولغان دوستلۇققا ئايلىنىدۇ. ئەمما، بۇ ئىنتايىن قىيىن ئىشتۇر. ئىككى كىشى دۇنيادا الله نىڭ مەنىۋى سايىسى ئاستىدا بىرلەشمىگۈچە الله ئۈچۈن دوستلاشقان بولمايدۇ. الله نىڭ مەنىۋى سايىسى ـــ ئىككى قەلبىنىڭ الله قا ئىتائەت قىلىشقا، الله نىڭ رازىلىقىنى تاللاشقا ۋە الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن بىرلىشىشىدۇر. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ئىككىسى قىيامەت كۈنى الله نىڭ ھېسسىي سايىسى ئاستىدا بىرلىشىدۇ.

[3] ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزىدە بەلكىم الله ئۈچۈن دوستلاشقان ئۇ ئىككى كىشىنىڭ دۇنيادا بىرىنىڭ ۋاپات تېپىشى ياكى غايىب بولۇشى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئايرىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن؛ بەلكىم ئۇ ئىككىسىنىڭ دەسلەپتە الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ئىستىكىدە دوستلاشقانلىقىنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتىكى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئىككى كىشى ئارىسىدىكى دوستلۇقنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ياكى مەۋجۇد بولماسلىقى الله قا ئىتائەت قىلىش ئاساسىدا بولىدۇ.

جايدا الله نى ئەسلەپ ياش تۆككەن كىشى». [1]

ئەتا ئىبنى يەسساردىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مۇسا ئەلەيھىسسالام: ‹ئى رەببىم! سەن ئەرشىڭنىڭ سايىسىدا سايىدىتىدىغان كىشىلەر كىم؟› دەپ سورىدى. الله تائالا: ‹ئۇلار قوللىرى پاك، قەلبلىرى ساپ، مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم ئۈچۈن دوستلاشقان، مەن ئەسلەنگەن ۋاقىتتا ئۇلار تىلغا ئېلىنىدىغان، ئۇلار تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى سەۋەبلىك مەن ئەسلىنىدىغان، مۇشەققەتلىك ۋاقىتلاردا تاھارەتنى كامىل ئالىدىغان، مېنى ئەسلەشكە خۇددى بۈركۈت ئۇۋىسىغا يۈزلەنگەندەك يۈزلىنىدىغان، مېنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن خۇددى سەبىي بالا ئىنسانلارنىڭ ياخشى كۆرۈشى سەۋەبلىك مۇشەققەت تارتقاندەك مۇشەققەت تارتىدىغان، مېنىڭ ھارام قىلغان ئىشلىرىم ھالال سانالغان ۋاقىتتا، يولۋاس ھۇجۇم قىلغاندا غەزەپلەنگەندەك غەزەپلىنىدىغان كىشىلەردۇر› دېگەن». [2]

### ❖ الله ئۈچۈن دوستلاشقۇچىلار قىيامەت كۈنى الله قا ئەڭ يېقىن بولىدىغان كىشىلەردۇر

ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مەن سېنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن» دېگەندە، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «خۇش بېشارەت ئالغىن، خۇش بېشارەت ئالغىن. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ‹ينصب لطائفة من الناس كراسي حول العرش يوم القيامة وجوههم كالقمر ليلة البدر يفزع الناس وهم لا يفزعون ويخاف الناس وهم لا يخافون وهم أولياء اللّٰه الذين لا خوف عليهم ولاهم يحزنون› ‹قىيامەت كۈنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئەھمەد توپلىغان.

بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئەرشنىڭ ئەتراپىدا تەختلەر قويۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تولۇن ئاي كېچىسىدىكى ئايغا ئوخشاش (نۇرلۇق) بولۇپ، باشقىلار ھودۇققان ۋاقىتتا ئۇلار ھودۇقمايدۇ. باشقىلار قورققان ۋاقىتتا ئۇلار قورقمايدۇ. ئۇلار الله نىڭ دوستلىرى بولۇپ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغانغا) قايغۇرۇش يوق>. بەزى ساھابىلەر: <ئۇلار كىم؟ ئى رەسۇلۇللاھ!> دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «هم المتحابون في اللّٰه» <ئۇلار الله ئۈچۈن دوستلاشقان كىشىلەر> دەپ جاۋاب بەرگەن».[①]

**❖ الله ئۈچۈن دوستلاشقان كىشىلەرگە پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەر ھەۋەس قىلىپ كېتىدۇ**

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «إن للّٰه عبادا ليسوا بأنبياء ولا شهداء يغبطهم الشهداء والنبيون يوم القيامة لقربهم من اللّٰه تعالى» «ھەقىقەتەن، الله نىڭ پەيغەمبەرمۇ ۋە شەھىدمۇ ئەمەس بەندىلىرى بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ الله قا يېقىنلىقى ۋە الله تەرەپتىن بېرىلگەن ئورنى سەۋەبلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەرمۇ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ كېتىدۇ» دېگەنىدى، بىر ئەئرابى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى بىزگە بايان قىلىپ سۈپەتلەپ بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «قوم من أفناء الناس من نزاع القبائل تصادقوا في اللّٰه وتحابوا فيه يضع اللّٰه عز وجل لهم يوم القيامة منابر من نور يخاف الناس ولا يخافون هم أولياء اللّٰه عز وجل» «<ئۇلار كىملىكى بىلىنمەيدىغان، يىراق قەبىلىلەردىن كەلگەن، الله ئۈچۈن سەمىمىي بولۇشقان ۋە الله ئۈچۈن دوستلاشقان كىشىلەردۇر. الله قىيامەت كۈنى ئۇلارنى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەرگە ئولتۇرغۇزىدۇ. باشقىلار قورققان ۋاقىتتا ئۇلار قورقمايدۇ. ئۇلار الله نىڭ دوستلىرىدۇر> دېدى ۋە مۇنۇ

① ئىمام غەززالى ئۆزىنىڭ «إحياء علوم الدين» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، 2- توم 158- بەت.

ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: ﴿أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «راستىلا الله نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر»[1]».[2]

يەنە بىر لەۋزىدە، پەيغەمبەر ﷺ: «ان من عباد اللَّه عبادا ليسوا بأنبياء يغبطهم الأنبياء والشهداء» «ھەقىقەتەن، الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەيغەمبەرلەر ئەمەس، ئەمما پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەرمۇ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىغان بەندىلەر بار» دېگەندى، ساھابىلەر: «ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىلە؟ ئۈمىدكى، بىز ئۇلارنى ياخشى كۆرىمىز» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «هم قوم تحابوا بنور اللَّه من غير أرحام، ولا أنساب، وجوههم نور على منابر من نور، لا يخافون إذا خاف الناس، ولا يحزنون إذا حزن الناس» «ئۇلار تۇغقاندارچىلىقى ۋە نەسەبداشلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى الله نىڭ نۇرى بىلەن دوستلاشقان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى نۇرلۇق بولۇپ، نۇردىن بولغان مۇنبەرلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. باشقىلار قورققان ۋاقىتتا ئۇلار قورقمايدۇ، باشقىلار غەم قىلغان ۋاقىتتا ئۇلار غەم قىلمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: ﴿أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «راستىلا الله نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر[3]».[4]

يەنە بىر لەۋزىدە، پەيغەمبەر ﷺ: «يا أيها الناس اسمعوا واعقلوا واعلموا أن للَّه عز وجل عبادا ليسوا بأنبياء ولا شهداء يغبطهم النبيون والشهداء على منازلهم وقربهم من اللَّه» «ئى ئىنسانلار! قۇلاق سېلىڭلار ۋە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار. بىلىپ قويۇڭلاركى،

---

[1] سۈرە يۇنۇس 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] سۈرە يۇنۇس 62 ـ ئايەت.
[4] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

الله تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەر ئەمەس، ئەمما پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەرمۇ ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرى ۋە الله قا يېقىنلىقى سەۋەبلىك ھەۋەس قىلىدىغان بەندىلەر بار» دېگەندە، چەتتىكى كىشىلەر ئىچىدىن بىر ئەئرابى يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قولىنى پۇلاڭلىتىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر ئىچىدىكى پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەر ئەمەس، ئەمما پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەرمۇ ئۇلارنىڭ الله قا يېقىن ئولتۇرۇشقانلىقىدىن ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەرنى بىزگە بايان قىلىپ سۈپەتلەپ بەرگىن» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايى ئەئرابىينىڭ سوئالىدىن نۇرلىنىپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «هم ناس من أفناء الناس ونوازع القبائل لم تصل بينهم أرحام متقاربة تحابوا في اللّٰه وتصافوا يضع اللّٰه لهم يوم القيامة منابر من نور فيجلسون عليها فيجعل وجوههم نورا وثيابهم نورا يفزع الناس يوم القيامة ولا يفزعون وهم أولياء اللّٰه لا خوف عليهم ولا هم يحزنون» «ئۇلار ــ كىملىكى بىلىنمەيدىغان، ئوتتۇرىدا ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىقى يوق، يىراق قەبىلىلەردىن كەلگەن، الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشكەن ۋە الله ئۈچۈن دوستلاشقان كىشىلەردۇر. الله قىيامەت كۈنى ئۇلارغا نۇردىن بولغان مۇنبەرلەرنى قويىدۇ. ئۇلار مۇنبەرلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، ئاندىن الله ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ۋە كىيىملىرىگە نۇر ئاتا قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى باشقىلار قورققان ۋاقىتتا ئۇلار قورقمايدۇ، ئۇلار الله نىڭ دوستلىرىدۇر. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر». [1]

## ❖ الله يولىدا دوستلاشقانلارنىڭ نۇرى ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى گۈزەللىكى

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل

---

[1] ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «المتحابون في اللَّه على عمود من ياقوت له الخيمة من ياقوتة مجوفة ستين ميلا في السماء له في كل ناحية فيها ازواج لا يعلم بهم الآخرون وان أحدهم ليشرف على اهل الجنة فيملأ اهل الجنة نورا حتى يقول اهل الجنة ما هذا الذي قد حدث فيقول بعضهم لبعض ما هذا الضوء الذي قد حدث فيقول بعضهم لبعض أشرف عليكم رجل من المتحابين» «الله ئۈچۈن دوستلاشقانلار ياقۇتتىن بولغان تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. الله ئۈچۈن دوستلاشقان كىشىنىڭ ئاسماندا 60 مىل كېلىدىغان كاۋاك ياقۇتتىن بولغان بىر چېدىرى بولىدۇ، چېدىرنىڭ ھەربىر تەرىپىدە ئۇنىڭ جۈپتىلىرى بولىدۇ، بۇنى باشقا جۈپتىلىرى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى جەننەت ئەھلىگە قارىسا، جەننەت ئەھلىنى نۇرغا تولدۇرۇۋېتىدۇ. ھەتتاكى، جەننەت ئەھلى <نېمە ئىش يۈز بەردى؟> دېيىشىپ، بىر-بىرىدىن: <پەيدا بولغان بۇ نۇر نېمە نۇر؟> دەپ سورىشىدۇ. ئاندىن، ئۇلار بىر-بىرىگە <سىلەرگە الله ئۈچۈن دوستلاشقانلاردىن بىر ئادەم قاراپتۇ> دېيىشىدۇ».①

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «المتحابون في اللَّه على عمود من ياقوتة حمراء في رأس العمود سبعون ألف غرفة يشرفون على أهل الجنة يضيء حسنهم لأهل الجنة كما تضيء الشمس لأهل الدنيا فيقول أهل الجنة : انطلقوا بنا ننظر إلى المتحابين في اللَّه فيضيء حسنهم لأهل الجنة كما تضيء الشمس عليهم ثياب سندس خضر مكتوب على جباههم المتحابون في اللَّه» «الله ئۈچۈن دوستلاشقانلار قىزىل ياقۇتتىن بولغان تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدە 70 مىڭ ھۇجرا بار. ئەگەر ئۇلار جەننەت ئەھلىگە قارىسا، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى جەننەت ئەھلىنى خۇددى قۇياش دۇنيا ئەھلىنى يورۇتقاندەك يورۇتۇۋېتىدۇ. ئاندىن جەننەت ئەھلى: <يۇرۇڭلار! الله

① تەبەرانى «الأوسط»ناملىق كىتابىدا توپلىغان، 5- توم 260- بەت.

ئۇچۇن دوستلاشقانلارغا قاراپ باقايلى> دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى جەننەت ئەھلىنى خۇددى قۇياش يورۇتقاندەك يورۇتۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە نېپىز يېشىل رەڭلىك يىپەك كىيىم بار بولۇپ، پېشانىسىگە <الله ئۇچۇن دوستلاشقانلار> دەپ يېزىقلىق بولىدۇ».[①]

## ❖ ئالەملەر رەببىنىڭ ھۆرمەتلىشى

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما أحب عبد عبدا للّٰه عز و جل الا اكرم ربه عز و جل» «قايسى بىر بەندە يەنە بىر بەندىنى پەقەت الله ئۇچۇنلا ياخشى كۆرسە، رەببى ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ».[②]

## ❖ الله ئۇچۇن دوستلاشقانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى زىيارەت قىلىشىنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: أن رجلا زار أخاه في قرية أخرى، فأرصد اللّٰه على مدرجته ملكا، فلما أتى عليه قال: أين تريد؟ قال: أريد أخا لي في هذه القرية، قال: هل لك عليه من نعمة تربها؟ قال: لا، غير أني أحببته في اللّٰه، قال: فإني رسول اللّٰه إليك أن اللّٰه قد أحبك كما أحببته فيه.

«بىر كىشى باشقا بىر يۇرتتىكى قېرىندىشىنى يوقلاپ كېلىش ئۇچۇن ماڭغانىدى، الله تائالا ئۇنىڭ يولىغا بىر پەرىشتىنى كۆزەتچىلىككە تۇرغۇزۇپ قويىدى. ئۇ ئادەم پەرىشتىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، پەرىشتە:

ـــ قەيەرگە ماڭدىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ـــ بۇ يۇرتتىكى قېرىندىشىمنى يوقلاپ ماڭدىم، ـــ دېدى. پەرىشتە:

ـــ ئۇنىڭ قېشىغا بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بارامسەن؟ ـــ دەپ سورىدى، ئۇ:

---

① ھاكىم، تىرمىزى ئىبنى مەسئۇدنىڭ نادىر ھەدىسلىرىنىڭ قاتارىدا ئاجىز سەنەد بىلەن نەقىل قىلىغان.

② ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

— ياق، مېنىڭ ئۇنى پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتىن باشقا مەقسىتىم يوق، — دېگەندى، پەرىشتە:

— ئۇنداقتا، بىلىپ قويغىنكى، مەن الله نىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولىمەن. خۇددى سەن قېرىندىشىڭنى ياخشى كۆرگەندەك، الله مۇ سېنى ياخشى كۆردى، — دېدى». [1]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما من عبد أتى أخا له يزوره في الله إلا ناداه ملك من السماء أن طبت وطابت لك الجنة وإلا قال الله في ملكوت عرشه: عبدي زارفي وعلي قراه فلم يرض له بثواب دون الجنة» «ھەرقانداق بىر بەندە الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر قېرىندىشىنى زىيارەت قىلغىلى كەلسە، ئاسماندىن بىر پەرىشتە: <ئەجەبمۇ ياخشى ئىش قىلدىڭ، ساڭا جەننەت بىلەن مۇبارەك بولسۇن!> دەپ نىدا قىلىدۇ. الله مۇ ئەرشىنىڭ ئاستىدىكىلەرگە: <بەندەم مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن> دەيدۇ. الله ئۇنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ». [2]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «قال النبي ﷺ: ألا أخبركم برجالكم في الجنة؟ قلنا: بلى يا رسول اللّه ، قال: النبي في الجنة، والصديق في الجنة، والرجل يزور أخاه في ناحية المصر لا يزوره إلا للّه في الجنة» «پەيغەمبەر ﷺ: <مەن سىلەرگە كىملەرنىڭ جەننەتتە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟> دېگەندى، بىز: <ئېيتىپ بەرسىلە، ئى رەسۇلۇللاھ!> دېدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: <پەيغەمبەر جەننەتتە بولىدۇ، سىددىق جەننەتتە بولىدۇ، شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى قېرىندىشىنى پەقەت الله رىزالىقى ئۈچۈن زىيارەت قىلغان كىشى جەننەتتە بولىدۇ> دېدى». [3]

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەلبانى «ھەسەن ۋە سەھىھ» دېگەن.

[3] تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

# پەيغەمبەرلىك بۇلاقلىرىدىن كەلگەن ۋەسىيەتلەر

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا أحب الرجل أخاه فليخبره أنه يحبه» «ئەگەر بىر كىشى قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويسۇن». [1]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «إذا أحب أحدكم أخاه في اللّٰه فليبين له ؛ فإنه خير في الألفة، وأبقى في المودة» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن، چۈنكى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈلپەتلىشىشكە ياخشى ۋاستە بولىدۇ ۋە دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرىدۇ». [2]

يەنە بىر لەۋزىدە: «إذا أحب أحدكم أخاه فى اللّٰه فليعلمه فإنه أبقى فى الألفة وأثبت فى المودة» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويسۇن. [3] چۈنكى، بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈلپەتلىشىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە دوستلۇقنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ» دەپ كەلگەن. [4]

عن أنس قال: «مر بالنبي ﷺ رجل فقال رجل: إني لأحبه في اللّٰه عز و جل فقال النبي صلى اللّٰه عليه و سلم: أأعلمته؟ قال: لا قال: فأعلمه قال: فلقيت الرجل فأعلمته فقال: أحبك اللّٰه الذي أحببتني له».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ۋەكىئىنىڭ «الزهد» ۋە ئىبنى ئەبۇ دۇنيانىڭ «الإخوان» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلىنغان. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] بەغەۋى مۇنداق دېگەن: «بىلدۈرۈپ قويۇشنىڭ مەنىسى ــ دوستلۇققا ۋە ئۈلپەتلىشىشكە قىزىقتۇرۇشتۇر. ئەگەر قېرىندىشىغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتسا، شۇ ئارقىلىق قېرىندىشىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىدۇ. بىر كىشى قېرىندىشىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلسە، قېرىندىشى توغرىغا يېتەكلىگەن ئىشلاردا ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۆزى ئېنىق بىلەلمەي قالغان ياخشىلىققا چاقىرسا، قېرىندىشىنىڭ سۆزىنى رەت قىلمايدۇ».

[4] ئىبنى ئەبۇ دۇنيا توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، يەنە بىر كىشى:

— مەن ئۇنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن، — دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىدىن:

— ئۇنىڭغا بىلدۈردۈڭ قويدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ياق، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغىن، — دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن ھېلىقى ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا (ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى) بىلدۈرۈپ قويسام، ئۇ:

— سەن مېنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپسەن، الله سېنىمۇ ياخشى كۆرسۇن، — دېدى›». [1]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا أحب أحدكم صاحبه فليأته في منزله، فليخبره بأنه يحبه للّٰه عز وجل» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەمراھىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ ئۇنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلسۇن». [2]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لايؤمن أحدكم حتى يحب لأخيه مايحب لنفسه» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ». [3]

خالىد ئىبنى ئابدۇللاھ قۇسەرى مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «دادام ماڭا بوۋامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹أتحب الجنة؟› ‹سەن جەننەتنى ياخشى كۆرەمسەن؟›

---

[1] ئىبنى ئەبۇ دۇنيا توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

دەپ سورىدى. مەن: <ھەئە> دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹فأحب لأخيك ما تحب لنفسك› <ئۇنداقتا ئۆزۈڭگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىڭغىمۇ ياخشى كۆرگىن> دېدى».①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «المرء على دين خليله، فلينظر أحدكم من يخالل» «كىشى دوستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا بىرىڭلار كىمنى دوست تۇتقانلىقىغا قاراپ باقسۇن».②

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما تحاب اثنان في اللّٰه إلا كان أفضلهما أشدهما حبا لصاحبه» «ئىككى كىشى پەقەت الله ئۈچۈنلا دوستلاشقان بولسا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئەۋزەلراقى ھەمراھىنى بەك ياخشى كۆرگىنىدۇر».③

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الأرواح جنود مجندة فما تعارف منها ائتلف وما تناكر منها اختلف» «روھلار يارىتىلىشتا تۈرلەرگە ئايرىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇرۇندىن تونۇشىدىغانلىرى ئۆزئارا چىقىشىپ ئۆتىدۇ، لېكىن بۇرۇندىن تونۇشمايدىغانلىرى بىر-بىرى بىلەن پەقەتلا چىقىشالمايدۇ».④

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مثل المؤمنين في توادهم وتراحمهم وتعاطفهم مثل الجسد إذا اشتكى منه عضو تداعى له سائر الجسد بالسهر والحمى» «مۇئمىنلەر بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش، بىر-بىرىگە مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈش ۋە ھېسداشلىق قىلىشتا خۇددى بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇكى، بەدەنىنىڭ بىر ئەزاسى

---

① ئەھمەد توپلىغان، ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

② ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

③ بۇخارى «الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئاغرىپ قالسا، باشقا پۈتۈن ئەزالار بىئارام بولۇپ، ئۇيقۇسىز قالىدۇ» دېگەن.①

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «خير الأصحاب عند اللّٰه تعالى خيرهم لصاحبه، وخير الجيران عند اللّٰه تعالى خيرهم لجاره» «اللّٰه تائالانىڭ نەزىرىدە ھەمراھلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەمراھىغا ياخشىلىق يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان كىشىدۇر. اللّٰه تائالانىڭ نەزىرىدە قوشنىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قوشنىسىغا ياخشىلىق يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان كىشىدۇر».②

ئەبۇ سۇئلەبە ئەلخۇشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سەپەردە كىشىلەر بىر جايغا چۈشسە، جىلغىلارغا ۋە ۋادىلارغا تاراپ كېتەتتى. بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹إن تفرقكم في هذه الشعاب والأودية إنما ذلكم من الشيطان› ‹سىلەرنىڭ شۇ جايلارغا تاراپ كېتىشىڭلار شەيتاننىڭ ئىشىدۇر› دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپەردە بىرەر جايغا چۈشكۈن قىلسا ساھابىلەر بىر يەردە يىغىلىپ تۇرىدىغان بولدى. بەزىلەر: ‹ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر يوپۇق يېپىلسا، ھەممىسىنى بىرلا يوپۇق ياپالىغۇدەك دەرىجىدە بىر-بىرىگە يېقىن تۇرىدىغان بولدى› دېگەن».③

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أحبب حبيبك هونا ما، عسى أن يكون بغيضك يوما ما، وأبغض بغيضك هونا ما، عسى أن يكون حبيبك يوما ما» «ئامراق كىشىڭگە ھەددىدىن زىيادە ئامراق بولمىغىنكى، بىر كۈنلەردە ئۇ سېنىڭ ئۆچ ئادىمىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۆچ ئادىمىڭگىمۇ ھەددىدىن زىيادە ئۆچ بولمىغىنكى، بىر كۈنلەردە ئۇ ئامراق ئادىمىڭ بولۇپ قېلىشى

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن. ھاكىم «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان. ئەھمەد ۋە ئەرنەئۇت «ئىسنادى كۈچلۈك، مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن» دېگەن. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھىببان توپلىغان، ھاكىم ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇمكىن». [1][2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «زر غباً تزدد حبا» «ئارىلاپ يوقلىغىن. شۇنداق قىلساڭ، دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتەلەيسەن». [3][4]

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خيار عباد اللّٰه الذين إذا رؤوا ذكر اللّٰه وشرار عباد اللّٰه المشاؤون بالنميمة المفرقون بين الأحبة الباغون للبرآء العيب» «الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەر باشقىلار ئۇلارنى كۆرگەن ۋاقىتتا الله ئەسلىنىدىغان كىشىلەردۇر. الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يامان كىشىلەر چېقىمچىلىق بىلەن ماڭىدىغان، دوستلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدىغان، ياخشى كىشىلەردىن ئەيىب ئىزدەيدىغان ئادەملەردۇر». [5]

«الأدب المفرد» ناملىق كىتابتا: «دوستلارنىڭ ئارىسىنى بۇزىدىغانلاردۇر» دەپ نەقىل قىلىنغان. [6]

---

[1] ئىبنى ئەسىر مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈشتە بەك ئاشۇرۇۋەتمە، چۈنكى دوستۇڭ دۈشمىنىڭگە ياكى دۈشمىنىڭ دوستۇڭغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇندىلا سەن بەك ياخشى كۆرۈپ كەتكەنلىكىڭگە پۇشايمان قىلمايسەن ۋە بەك يامان كۆرۈپ كەتكەنلىكىڭدىن ھايا قىلىپ قالمايسەن».

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن كۆپ زىيارەت قىلىش دوستلۇقنى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <ئارىلاپ يوقلىغىن. شۇنداق قىلساڭ، دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتەلەيسەن> دېگەن سۆزى بىر نەرسە تەمە قىلىپ كۆپ زىيارەت قىلغان كىشىلەرگە قارىتىلغان. چۈنكى، كىشىلەرگە كۆپ ئارىلىشىشتىن توسۇش پىتنە ياكى يامانلىقتىن ئەندىشە قىلىدىغان كىشىلەرگە خاس قىلىنىدۇ.

[5] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[6] ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

# سەلەف ـ سالىھلارنىڭ بېشارەتلىرى

مۇجاھىد، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ئىككى مۇسۇلمان ئۇچرىشىپ، ھەربىرى ھەمراھىنىڭ يۈزىگە كۈلۈپ قارىسا، ئاندىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھى خۇددى دەرەخنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلىدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ زۇھەيلدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئىدى. ئۇ چىققان ۋاقىتتا ھەمراھلىرى ئۇنىڭدىن: «ئى ئەممار! نېمە سەۋەبتىن كېچىكىپ قالدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئەممار ئىبنى ياسىر: «مەن سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋملەر ئىچىدىكى قېرىندىشىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي. مۇسا ئەلەيھىسسالام: <ئى رەببىم! ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن> دېگەندە، الله تائالا: <نېمە ئۈچۈن؟> دەپ سورىدى. ئۇ: <سېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭ سەۋەبلىك مېنىڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈم ئۈچۈن> دېدى. الله تائالا: <زېمىنىنىڭ يىراق چېتىدىكى ياكى زېمىنىنىڭ بىر تەرىپىدىكى بىر بەندە، زېمىنىنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ياكى زېمىنىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئۆزىمۇ تونۇمايدىغان بىر بەندىگە مۇسىبەت يەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزىگە مۇسىبەت يەتكەندەك ۋە ئۇنىڭغا كىرگەن تىكەننى خۇددى ئۆزىگە كىرگەندەك ھېس قىلسا، شۇنداقلا ئۇنى پەقەت مەن ئۈچۈنلا ياخشى كۆرسە، مانا بۇ بەندە مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىدۇر> دېدى».①

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله ئۈچۈن

① ئىمام ئەھمەد «الزهد» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

ياخشى كۆرسە، الله ئۇچۇن ئۆچ كۆرسە، الله ئۇچۇن بەرسە، الله ئۇچۇن چەكلىسە، ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى مۇكەممەللەشكەن بولىدۇ».

خۇلەيد سەدۇسىي قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «بىر-بىرىنى الله ئۇچۇن ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ».

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋنى الله ئۇچۇن قېرىنداش تۇتقان بولسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ساراي بىنا قىلىنىدۇ».

جەرىردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، لەيس مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى قېرىندىشىنى پەقەت الله رىزالىقىنى ئىزدەش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ياخشىلىققا ئېرىشىش، قېرىندىشىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش ئۇچۇن زىيارەت قىلغان بولسا، ھەربىر پەرىشتە ئۇ كىشىگە قېرىندىشىمۇ قىلىپ باقمىغان سالام بىلەن سالام قىلىدۇ. جەننەتنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۇنلۇك ئاۋازدا تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئاندىن ‹ئاۋۇ كىشى قېرىندىشىنى زىيارەت قىلدى› دېيىلىدۇ».

بەغەۋى مۇنداق دېگەن: «بەزى نەقىللەردە: ‹جەننەتتە مۇئمىننىڭ يەنە بىر مۇئمىن قېرىندىشى بىلەن ئۇچراشقۇسى كەلسە، ئۇلارنىڭ تەختى سەير قىلىدۇ. ئاندىن بۇ ئىككىسى ئۇچرىشىپ سۆھبەتلىشىدۇ› دېيىلگەن».

# قىممەتلىك ھېكمەت ۋە نەسىھەتلەر

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «الله ئۈچۈن ياخشى كۆرگىن، الله ئۈچۈن يامان كۆرگىن؛ الله ئۈچۈن دوست تۇتقىن، الله ئۈچۈن دۈشمەن تۇتقىن. شۇندىلا الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلەيسەن. گەرچە بەندىنىڭ نامىزى ۋە روزىسى كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىدە مۇشۇ سۈپەتلەرنى ھازىرلىمىغۇچە، ئىمانىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايدۇ». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشى ئىمانىنىڭ لەززىتىنى پەقەت مۇشۇ ئارقىلىقلا تېتىيالايدۇ. ئەمما، كۆپىنچە كىشىلەر دۇنيا سەۋەبىدىن قېرىنداش بولماقتا. ئەپسۇسكى، بۇنداق قېرىنداشلىقنىڭ كىشىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ».

ھەسەندىن نەقىل قىلىنىدۇكى، لوقمان ئوغلىغا: «ئى ئوغلۇم! الله قا تەقۋادارلىق قىلىشتىن باشقا يەنە سالىھ دوست تۇتۇشنى قولدىن بەرمىگىن» دېگەن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ھەسەنگە: «ئى ئوغلۇم! دوستى يوق كىشى غېرىبتۇر» دېگەن.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى تىلغا ئالمايدىغان، ئەمما سېنىڭ ھەققىڭنى كۆپ ئەسلەيدىغان كىشىنى دوست تۇتقىن».

فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۈلارنىڭ ھىمايىسىدە ياشايدىغان راستچىل قېرىنداشلارنى قەدىرلە. چۈنكى، راستچىل قېرىنداشلار كەڭرىچىلىكتە زىننەت، قىيىنچىلىقتا قالغاندا يار-يۆلەك بولىدۇ. قېرىندىشىڭدىن سېنى نەپرەتلەندۈرىدىغان ئوچۇق يامانلىقنى كۆرمىگۈچە، ئۇنىڭ ئىشىدىن ياخشى گۇمان قىلغىن. دۈشمىنىڭدىن

يىراق تۇرۇپ، ئىشەنچلىك دوستۇڭدىن باشقا كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلىگىنىڭكى، ئىشەنچلىك كىشى دېگەن الله تىن قورققان كىشىدۇر. پاسىق كىشىگە سىرلىرىڭنى ئاشكارىلىما ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولما، ئۇنىڭ پاسىقلىقىنى يۇقتۇرۇۋالىسەن».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەردە الله سىلەرگە بىر مۇسۇلمان كىشىنى دوست تۇتۇشنى رىزىق قىلىپ بەرسە، ئۇنى قەدىرلەڭلار».

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قېرىنداشلارنى قەدىرلەڭلار، چۈنكى ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىدۇر. دوزاخ ئەھلىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ﴿فَمَا لَنَا مِنْ شَافِعِينَ ۝ وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٍ ۝﴾ <شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق [100] ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق [101]>[①]».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن پۈتۈن ماللىرىمنى الله يولىدا سەرپ قىلسام، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرسام، ئاندىن ئىتائەتمەنلەرنى ياخشى كۆرمىگەن ۋە گۇناھكارلارنى يامان كۆرمىگەن ھالەتتە الله قا ئۇچراشسام، الله نىڭ مېنى دوزاخقا دۇم تاشلىشىدىن قورقىمەن».

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەن بىر كىشىنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلمىغىن، ئېلىم ـ سېتىم قىلمىغىن، باشقىلاردىن ئۇ توغرىلىق سورىمىغىن. (ئەگەر باشقىلاردىن ئۇ توغرىلىق سورىساڭ) بەزىدە ئۇنىڭ دۈشمىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىسەن ـ دە، قېرىندىشىڭدا يوق نەرسىلەرنى ساڭا ئېيتىپ،

① سۈرە شۇئەرا 100 ـ ۋە 101 ـ ئايەت.

سەن بىلەن قېرىندىشىڭنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ».[1]

ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سەن ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە موھتاج بولۇپ قالغان كىشى سېنىڭ قېرىندىشىڭ ئەمەس».

ھاتەم ئەسەم: «ئەگەر قېرىندىشىڭدا بىر ئەيىبنى كۆرۈپ ئۇنى يوشۇرساڭ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىسەن؛ ئەگەر ئۇنى باشقىلارغا ئېيتساڭ، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن؛ ئەگەر ئەيىبنى ئۇنىڭغا ئۇدۇللا ئېيتساڭ، ئۇنى ئۈركۈتۈپ قويىسەن» دېگەندە، ئۇنىڭدىن: «ئۇنداقتا قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورالغانىدى، ئۇ: «قېرىندىشىڭغا ئەگىتىپ ئېيتىسەن ۋە پاراڭلىشىش جەريانىدا پاراڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئۆتىسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ھەسەن مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسان! سېنى <ئىنسان ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ> دېگەن سۆز ئالداپ قويمىسۇن. چۈنكى، سەن ياخشىلارغا پەقەت ئۇلاردەك ياخشىلىق قىلىش بىلەنلا قېتىلالايسەن، چۈنكى يەھۇدىي ۋە ناسارالارمۇ پەيغەمبەرلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ئۇلار پەيغەمبەرلىرى بىلەن بىللە بولالمايدۇ».

ئەبۇ ھازىم مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ دۇنياسىغا ئاز ئارىلاشقىن».

ئەھنەف ئىبنى قەيس بىر دوستىغا مۇنداق خەت يازغان: «قېشىڭغا ساڭا ماسلىشىدىغان بىر قېرىندىشىڭ كەلسە، ئۇ قۇلىقىڭ ۋە كۆزۈڭنىڭ ئورنىدا بولسۇن. چۈنكى، ماسلاشقان قېرىنداش قارشىلاشقان بالىدىن ئەلادۇر. سەن الله نىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئوغلى ھەققىدە ئېيتقان

---

[1] بۇخارى «الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرگەن، ئەلبانى «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

مۇنۇ سۆزىنى ئەسلىگىن: ﴿إِنَّهُ لَيْسَ مِنْ أَهْلِكَ﴾ <ئۇ (مەن نىجات تېپىشنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس>[①]. يەنى الله تائالا <ئۇ سېنىڭ دىنىڭدا ئەمەس> دەيدۇ. سەن بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارغا نەزەر سالغىن. قېرىنداشلىق ــ تۈگىمەس كانىڭ ۋە بايلىقىڭ، سەپەر ۋە ھازىردىكى ھەمراھىڭدۇر. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭ، ئۇمۇ ساڭا يېقىنلىشىدۇ؛ ئۇنىڭدىن يىراقلاشساڭ، ئۇ الله بىلەن بىھاجەتلىك تىلەيدۇ. ساڭا خاتىرجەملىك يار بولسۇن!».

مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: «قېرىنداشنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى ھەق ــ ئۇنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى قېرىندىشىغا بىلدۈرۈشتۇر».

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «دوست قېرىنداشنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى، يوق ۋاقتى ۋە ۋاپاتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتا كۆڭۈل بۆلمىگۈچە ھەقىقىي دوست بولالمايدۇ».

تەلھە مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەم ئۆزى ئويلىغاندەك بىر دوستى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، دوستىغا قويغان تەلەپنى ئۆزىگە قويمايدۇ. شۇڭلاشقا، شىكايەتلەر كۆپىيىپ، ھەسرەتلەر كۈچىيىدۇ».

ئەتا ئىبنى مۇسلىم مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئتىن: «قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئ: «تەقۋالىق ۋە ياخشىلىق ئاساسىدا ھەمراھ ۋە قېرىنداش بولۇشقان كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش. الله ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى يوقىتىدۇ ۋە مۇناسىۋەتنى چىڭىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى كۈچىيىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار پەقەتلا نەپسىلىرىنى قاندۇرۇش ئاساسىدا ھەمراھ بولۇشقان

---

① سۈرە ھۇد 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولسا، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھېچبىر ياخشىلىق يوق. چۈنكى، ئۇلار نەپسى ـ شەھۋەتنىڭ قۇللىرى بولغانلىقتىن، بىر ـ بىرىنى ئاخىرەتكە پايدىلىق ئەمەل قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەبۇ جەئفەر مۇنداق دېگەن: «قېرىنداشىڭنىڭ قەلبىدە ساڭا قانچىلىك دوستلۇقىنىڭ بارلىقىنى، سېنىڭ قەلبىڭدە قېرىنداشىڭغا قانچىلىك دوستلۇقۇڭنىڭ بارلىقى ئارقىلىق تونۇغىن».

يەھيا ئىبنى مۇئاز مۇنداق دېگەن: «<مېنى دۇئايىڭدا ئەسلىگىن> دېيىشكە ياكى <ئۆزرە بايان قىلىشقا> موھتاج قىلىدىغان دوست نېمىدېگەن يامان دوست ـ ھە!».

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەلىد مۇنداق دېگەن: «بىزگە ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى: <بىرەرىڭلار ھەمراھىڭلارنىڭ يانچۇقىدىن خالىغان نەرسىنى ئالالامسىلەر؟> دېگەن ئىدى، بىز: <ياق> دېدۇق. ئۇ: <سىلەر ئېيتقىنىڭلاردەك قېرىنداش ئەمەسكەنسىلەر> دېدى».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئىش قېرىنداشىڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئىپادىلەيدۇ: ئۇچراشقان ۋاقىتتا سالام قىلىشىڭ، سورۇندا ئورۇن كېڭەيتىپ بېرىشىڭ، گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىشىڭ».

ھەسەن ئىبنى سەباھ مۇنداق دېگەن: «بەنى ئۇمەييەلىك بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: <ھەممە قېرىنداشلىرىمنىڭ يېنىمغا كېلىپ مەن بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى، ھەتتاكى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنداقلا، ھەممە قېرىنداشلىرىمنىڭ ھاجەتلىرىدە مېنى ئىزدەپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بىرەر قېرىنداشىمغا جەننەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇپ، مال ـ دۇنيادىن

بېخىللىق قىلغان ھالەتتە ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشتىن الله تىن ھايا قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، دۇنيا ــ قىيامەت كۈنى ماڭا ‹سەن كاززاپ، ئەگەر مەن سېنىڭ قولۇڭدا بولغان بولسام، سەن ئەڭ بېخىللىق قىلغان بولاتتىڭ› دېيىلىشتىن بەكلا پەس ۋە خار نەرسىدۇر».

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئوغلىغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئوغلۇم! قايسى قېرىنداشىڭ ئۈچ قېتىم غەزەپلىنىپ، سەن توغرىسىدا يامان سۆز قىلمىغان بولسا، ئۇنى ئۆزۈڭگە سىرداش قىلغىن».

بەزىلەر مۇنداق دېگەن: قېرىنداشلار ئۈچ تەبىقە بولىدۇ: بىر تەبىقە، ئۇنىڭسىز ياشىغىلى بولمايدىغان يېمەكلىككە ئوخشايدۇ؛ يەنە بىر تەبىقە، ئۇنىڭغا پەقەت بەزى ۋاقىتلاردىلا ئېھتىياجلىق بولىدىغان دورىغا ئوخشايدۇ؛ يەنە بىر تەبىقە، ئۇنىڭغا مەڭگۈ موھتاج بولمايدىغان كېسەلگە ئوخشايدۇ.

بىر ئادەم ئىبنى ۋاسىئقا: «مەن سېنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن» دېگەندە، ئىبنى ۋاسىئ: «ئى الله ! سەن مېنى يامان كۆرگەن بىر ھالەتتە سەن ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلۈشۈمدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگەن.

ئەبۇ ھەسەن ئەتەكىي مۇنداق دەيدۇ: مەن «ئىبراھىم ھەربىينىڭ، يېنىدىكى جامائەتكە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: (ئۇ يېنىدىكى جامائەتتىن) ‹سىلەر بۇ زامانىڭلاردا كىمنى غېرىب دەپ قارايسىلەر؟› دەپ سورىغانىدى، ئۇلاردىن بىرى: ‹غېرىب دېگەن ۋەتىنىدىن ئايرىلغان كىشىدۇر› دېدى. يەنە بىرى: ‹غېرىب دېگەن دوستلىرىدىن ئايرىلغان كىشىدۇر› دېدى. ئۇلاردىن ھەربىرى (ئۆزى بىلگىنىچە) بىر نەرسىلەرنى دېدى. ئىبراھىم: ‹بىزنىڭ زامانىمىزدىكى غېرىب ــ ئەگەر ياخشىلىققا بۇيرۇسا، ئۇنى قوللايدىغان؛ ئەگەر يامانلىقتىن توسسا، ئۇنىڭغا ياردەم

بېرىدىغان؛ ئەگەر بىرەر دۇنيالىق نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولسا، ئۇنى تەمىنلەيدىغان سالىھ قەۋمنىڭ ئارىسىدا ياشىغان، ئاندىن قەۋمىدىكىلەر ئۆلۈپ كېتىپ ئۆزى يالغۇز قالغان كىشىدۇر» دېدى.[1]

بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ھەمراھىڭنىڭ ئاياغ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتكەندە توختىمىغان بولساڭ، سەن ئۇنىڭ ھەمراھى ئەمەس. ئەگەر ئۇ كىچىك تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا ساقلاپ تۇرمىغان بولساڭ، سەن ئۇنىڭ دوستى ئەمەس».

كىشىلەرنىڭ بىرىگە: «قېرىنداش نېمە بىلەن تونۇلىدۇ؟» دېيىلگەندە، ئۇ كىشى: «يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن، تىلىدا دوستلۇق ئىزھار قىلغان، قەلبىدە دوستلۇق مېھرىدىن كۆلگەن، سورۇندا يېقىنلىقى ئۈچۈن خۇرسەن بولغان، ھويلىدا قوشنا بولۇشقا قىزىققان ۋە شۇ ئىشلارنى قىلىشنى ئۆزىگە شەرەپ بىلگەنلىكىدىن تونۇلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مۇھەممەد ئىبنى سەمماكنىڭ بىر كىشى بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى سەمماك ھېلىقى كىشى بىلەن ئۇچرىشالماي ئۇنىڭغا مۇنداق خەت يازغان: «ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسىنىڭ مېۋىسى بار، دوستلۇقنىڭ مېۋىسى زىيارەت قىلىش ۋە سالامىلىشىشتۇر». ئىبنى سەمماك سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ كىشىگە مۇنداق يازغان:

ئورۇن ئالدى چىن دوستلۇق قەلبلەردە يەرلىشىپ،
ئالقاندىكى بارماقلار كىرىشكەندەك ھىملىشىپ.

ھېلىقى كىشى ئىبنى سەمماكقا جاۋاب خەت يېزىپ: «ئى

[1] الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق كىشى ئەلۋەتتە غېرىبتۇر. بۇ غېرىبنىڭ ئەھۋالى ئۆزى ھايات قېلىپ دوستلىرى شەھىد قىلىنىپ كەتكەن مۇجاھىدنىڭ ئەھۋالىغا ئېمىدېگەن ئوخشاش ـ ھە!

قېرىندىشىم! سەن قەلبلىرىمىزدە دوستلۇق ئۇرۇقىنى تىكتىڭ. شۇڭلاشقا، مايسىلىرىڭنى يوقلاش ئارقىلىق سۇغىرىپ تۇرغىن. ئەگەر مايسىلىرىڭنى يوقلاش ئارقىلىق سۇغارمىساڭ، خاتىرجەم بولالمايسەن. ساڭا خاتىرجەملىك يار بولسۇن!» دېگەن.

بىر كىشى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇ ئىككىسى توغرىلىق سورىغاندا، ئۇنىڭغا: «بۇ ئىككىسى دوست» دېيىلدى. ئۇ كىشى: «گەرچە ئۇلارنىڭ بىرى باي، يەنە بىرى كەمبەغەل بولسىمۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ئىناق؟!» دېدى.

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلەرگە بولغان مۇھەببىتى

ئامىر دادىسى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇد كۈنى ئۇنىڭغا: «ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!» دېگەندى) مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «كان رجل من المشِركين قد أحرق المسلمين، فقال له النبي ﷺ : ارم فداك أبي وأمي، فنزعت له بسهم ليس فيه نصل فأصبت جنبه فسقط، فانكشف عورته، فضحك ﷺ حتى نظرت إلى نواجذه» «مۇشرىكلاردىن بىر ئادەم مۇسۇلمانلارنى قاتتىق قىرىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: <ئاتقىن، ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!> دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھېلىقى مۇشرىكقا ئۇچى يوق ئوقنى ئېتىپ، ئۇنىڭ بىقىنىغا تەگكۈزگەنىدىم، ئۇ يەرگە يىقىلىپ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى كۆرۈپ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى>». [1]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد شەھىدلىرى تىلغا ئېلىنىسىلا، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «أما والله لوددت أني غودرت مع أصحابي نحص الجبل يعني سفح الجبل» «الله بىلەن قەسەمكى، مەن تاغ باغرىدىكى ھەمراھلىرىم بىلەن (ئۇھۇد شەھىدلىرى بىلەن) بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم» دەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. [2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قبل عثمان بن مظعون وهو ميت وهو يبكي أو قال عيناه تذرفان» «پەيغەمبەر ﷺ ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ۋاپات بولغاندا، يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئۇنى سۆيۈپ قويغان ئىدى». [3]

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد، ھاكىم، زەھەبى ۋە بەيھەقى توپلىغان. شۇئەيىب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

[3] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أخذ الراية زيد فأصيب، ثم أخذها جعفر فأصيب، ثم أخذها عبد اللّه بن رواحة فأصيب ــ وإن عينيه ﷺ لتذرفان ــ ثم أخذها خالد بن الوليد من غير إمرة ففتح له» «تۇغنى زەيد ئېلىپ، شەھىد بولدى. ئاندىن جەئفەر ئېلىپ، ئۇمۇ شەھىد بولدى. ئاندىن ئۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ئېلىپ، ئۇمۇ شەھىد بولدى (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلۈۋاتاتتى). ئۇنىڭدىن كېيىن گەرچە قوماندانلىققا تەيىنلەنمىگەن بولسىمۇ، بايراقنى خالىد ئىبنى ۋەلىد قولىغا ئالدى. ئاندىن ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلىندى». ①

خالىد ئىبنى سۇمەير مۇنداق دېگەن: «لما أصيب زيد بن حارثة أتاهم النبي ﷺ قال فجهشت بنت زيد في وجه رسول اللّه ﷺ فبكى رسول اللّه ﷺ حتى انتحب فقال له سعد بن عبادة: يا رسول اللّه ما هذا؟ قال: هذا شوق الحبيب إلى حبيبه» «زەيد ئىبنى هارىسە شەھىد قىلىنغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاندىن زەيدنىڭ قىزى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدىلا يىغلىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ نېمە ئىش؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹بۇ دوستىنىڭ دوستقا بولغان سېغىنىشى› دېدى». ②

پەيغەمبەر ﷺ گە جەئفەر ۋە زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يەتكەن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ يىغلاپ تۇرۇپ: «أخواي ومؤنساي ومحدثاي» «قېرىنداشلىرىم، ئۈلپەتداشلىرىم، سۆھبەتداشلىرىم» دېگەن ئىدى. ③

---

① بۇخارى توپلىغان.

② ئىبنى سەئىد «الطبقات الكبرى» ناملىق كىتابىتا نەقىل قىلغان.

③ ئىبنى ئەسىر «أسد الغابة» ناملىق كىتابىتا نەقىل قىلغان، ئىبنى ئابدۇلبەر «الإستيعاب» ناملىق كىتابىتا نەقىل قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «لما قتل زيد بن حارثة ،وجعفر، وعبد اللّٰه بن رواحة، جلس رسول اللّٰه ﷺ في المسجد يعرف في وجهه الحزن» «زەيد ئىبنى ھارىسە، جەئفەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەسجىدتە قايغۇرغان ھالەتتە ئولتۇرغانىدى». [1]

سالىم دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز زەيد ئىبنى ھارىسەنى <زەيد ئىبنى مۇھەممەد> دەپ ئاتايتتۇق. بىر مەزگىلدىن كېيىن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: ﴿ادْعُوهُمْ لِآبَائِهِمْ هُوَ أَقْسَطُ عِنْدَ اللَّهِ﴾ <ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللہ نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر>[2]». [3]

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أما أنت يا جعفر فأشبه خلقك خلقي و أشبه خلقي خلقك و أنت مني و شجرتي و أما أنت يا علي فختني و أبو ولدي و أنا منك و أنت مني و أما أنت يا زيد فمولاي و مني و إلي و أحب القوم إلي» «ئى جەئفەر! سېنىڭ تەقى ـ تۇرقىڭ مېنىڭ تەقى ـ تۇرقىمغا بەك ئوخشايدۇ. مېنىڭ تەبىئىتىم سېنىڭ تەبىئىتىڭگە بەك ئوخشايدۇ. سەن مەندىن ۋە مېنىڭ جەمەتىمدىن (يەنى نەسەبىمدىن). ئەمما، ئى ئەلى! سەن مېنىڭ كۈيئوغلۇم ۋە نەۋرەمنىڭ ئاتىسى. مەن سەندىن، سەن مەندىن. ئى زەيد! ساڭا كەلسەك، سەن مېنىڭ ئازاد قىلغان قۇلۇم، سەن مەندىن ۋە ماڭا نىسبەت بېرىلسەن، سەن قەۋمىم ئىچىدە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكسەن». [4]

سالىم دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «رسول اللّٰه ﷺ قال وهو على المنبر: إن تطعنوا في إمارته ـ يريد أسامة بن زيد ـ ، فقد طعنتم في إمارة أبيه من قبله

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە ئەھزاب 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، پەقەت «سەن قەۋمىم ئىچىدە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكسەن» دېگەن سۆزىنى «ھەسەن» دېگەن.

وأيم اللَّه إن كان لخليقا لها، وأيم اللَّه إن كان لأحب الناس إلي، وأيم اللَّه إن هذا لها لخليق ـ يريد أسامة بن زيد ـ ، وأيم اللَّه إن كان لأحبهم إلي من بعده ، فأوصيكم به ، فإنه من صالحيكم» «پەيغەمبەر ﷺ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ: <ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ قوماندانلىقىنى ئەيىبلىسەڭلار (پەيغەمبەر ﷺ ئۇسامە ئىبنى زەيدنى كۆزدە تۇتقان)، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قوماندانلىقىنىمۇ ئەيىبلىگەن بولىسىلەر. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئاتىسى قوماندان بولۇشقا لايىق ئىدى. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى ئىدى. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇسامىمۇ قوماندان بولۇشقا لايىق. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇمۇ دادىسىدىن قالسىلا ماڭا كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىدۇر. مەن سىلەرگە شۇنى ۋەسىيەت قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن، بۇ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى سالىھ كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن> دېگەن ئىدى».①

ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: أن النبيﷺ كان في مغزى له فأفاء اللَّه عليه فقال لأصحابه: «هل تفقدون من أحد؟» قالوا: نعم فلانا وفلانا وفلانا ثم قال: «هل تفقدون من أحد؟» قالوا: نعم فلانا وفلانا وفلانا. ثم قال: «هل تفقدون من أحد؟» قالوا: لا قال: «لكني أفقد جليبيبا فاطلبوه» فطلب في القتلى فوجدوه إلى جنب سبعة قد قتلهم ثم قتلوه فأتى النبي ﷺ فوقف عليه ثم قال: «قتل سبعة ثم قتلوه هذا مني وأنا منه هذا مني وأنا منه». قال: فوضعه على ساعديه ليس له سرير إلا ساعديه ﷺ فحفر له فوضع في قبره ولم يذكر غسلا .

«الله تائالا بىر غازاتتا پەيغەمبەر ﷺ نى نۇرغۇن غەنىيمەتكە ئېرىشتۈردى. كېيىن ساھابىلىرىدىن:

ـــ ئاراڭلاردا كىم ـ كىم يوق؟ ـــ دەپ سورىغانىدى:

① مۇسلىم توپلىغان.

ــ پالانچى، پالانچى ۋە پالانچىلار يوق، ــ دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە:

ــ ئاراڭلاردا كىم ـ كىم يوق؟ ــ دەپ سورىغانىدى:

ــ پالانچى، پالانچى ۋە پالانچىلار يوق، ـ دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە بىر قېتىم:

ــ ئاراڭلاردا كىم ـ كىم يوق؟ ــ دەپ سورىغانىدى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەمدى قالمىدى، يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەممەيلەن بار، ــ دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئۇنداقتا جۇلەيبىب قېنى؟ ئۇنى كۆرمەيمەنغۇ؟ ــ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ جەسىدى يەتتە ئۆلۈكنىڭ يېنىدىن تېپىلدى. ئۇ (ئۆزى يالغۇز) يەتتە مۇشرىكنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئۆزىمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بېشىدا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن:

ــ دۈشمەندىن يەتتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن، ــ دېدى. ئاندىن ئۇنى تاۋۇتقا سالمايلا، قولى بىلەن كۆتۈردى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا يەرلىك كولاندى ۋە دەپنە قىلىندى.

لېكىن ئۇنىڭ جەسىدىنىڭ يۇيۇلغان ياكى يۇيۇلمىغانلىقى بايان قىلىنمىغان». [1]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «قنت رسول الله ﷺ شهرا حين قتل القراء فما رأيته حزن حزنا قط أشد منه» «رەسۇلۇللاھ ﷺ قارىيلار ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا بىر ئاي قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇلارغا قايغۇرغاندەك قاتتىق قايغۇرغانلىقىنى ھېچ كۆرمىگەن ئىدىم». ①

ئەبۇ ئىسھاقتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوقەيل ئىبنى ئەبۇ تالىپقا مۇنداق دېگەن: «يا أبا يزيد إني أحبك حبين، حبا لقرابتك، ولحب عمي لك» «ئى ئەبۇ يەزىد! مەن سېنى (باشقىلاردىن) ئىككى ھەسسە ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن. بىرى، تۇغقىنىم بولغانلىقىڭ؛ يەنە بىرى، تاغامنىڭ ساڭا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن». ②

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «لقيني رسول اللّٰه ﷺ فقال : يا معاذ انى لأحبك فقلت يا رسول اللّٰه وأنا واللّٰه أحبك قال فإني أوصيك بكلمات تقولهن في كل صلاة ‹ اللَّهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ، وَشُكْرِكَ، وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ ›» [رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا ئۇچرىشىپ: «ئى مۇئاز! مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن ساڭا بىر قانچە كەلىمىلەرنى ۋەسىيەت قىلايكى، سەن ھەر نامازدىن كېيىن ‹اللَّهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ، وَشُكْرِكَ، وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ›③ نى ئېيتقىن» دېدى]. ④

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «قال لي رسول اللّٰه ﷺ يا أبا ذر، إني أراك ضعيفا إني أحب لك ما أحب لنفسي فلا تأمرن على اثنين ولا تولين مال يتيم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: ‹ئى ئەبۇ زەر! سېنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىڭنى بايقىدىم، مەن ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەننى ساڭىمۇ ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا سەن ئىككى ئادەمگە بولسىمۇ باشلىق بولمىغىن ۋە يېتىمنىڭ مېلىغا ئىگىدارچىلىق

---

① بۇخارى توپلىغان.

② ھاكىم ۋە ئىبنى سەئىد توپلىغان.

③ ئى الله ! سېنى زىكرى قىلىشىمغا، ساڭا شۇكرى قىلىشىمغا ۋە ئىبادەتلىرىمنى جايىدا ئادا قىلىشىمغا ياردەم قىلغايسەن.

④ ئەھمەد ۋە باشقىلار توپلىغان. ئەلبانى ۋە ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

قىلمىغىن> دېگەنىدى». [1]

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ما حجبني النبي ﷺ منذ أسلمت، ولا رآني إلا تبسم في وجهي، ولقد شكوت إليه إني لا أثبت على الخيل، فضرب بيده في صدري، وقال: «اللَّهم ثبته واجعله هاديا مهديا» «مەن مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى پەيغەمبەر ﷺ مېنى يېنىغا كىرىشتىن توسۇپ باقمىدى ۋە مېنى كۆرگەندە تەبەسسۇم قىلماي قالمىدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرالمايدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ قولى بىلەن مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: <ئى الله ! ئۇنى ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرغۇزغىن، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەنگەن ۋە باشقىلارنى يېتەكلەيدىغانلاردىن قىلغىن> دەپ دۇئا قىلدى». [2]

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ بعث عمرو بن العاص على جيش ذات السلاسل قال: فأتيته فقلت: أي الناس أحب إليك؟ قال: عائشة قلت: من الرجال؟ قال: أبوها قلت: ثم من؟ قال: عمر، فعد رجالا فسكت مخافة أن يجعلني في آخرهم» «پەيغەمبەر ﷺ مېنى بىر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، زاتۇسسەلاسىلغا ئەۋەتتى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <كىم ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك؟> دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئائىشە> دېدى. مەن: <ئەرلەردىنچۇ؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنىڭ دادىسى> دېدى. مەن: <ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟> دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۆمەر> دېدى. ئاندىن بىر قانچە كىشىنى ساندى. شۇنىڭ بىلەن مەن: <رەسۇلۇللاھنىڭ مېنى ئەڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ جىم بولدۇم>». [3]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «رأى النبي ﷺ

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

النساء والصبيان مقبلين أحسب أنه قال من عرس ، فقام ممثلا فقال: اللّٰهم أنتم من أحب الناس إلي ، قالها ثلاث مرات» «پەيغەمبەر ﷺ بىر تويدىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئۈچ قېتىم: <سىلەر مەن ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكىسىلەر» دېدى.[1]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە بولغان مۇھەببىتى

سىز تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان ھەدىسلەردىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇلىرى ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىڭ. بۇ قىسسىلەرنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ، ئۇنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرىنى خۇددى كۆز ئالدىڭىزدىكىدەك تەسەۋۋۇر قىلىڭ، شۇنداقلا پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈشكە سەل قارىغانلىقىڭىزغا قايغۇرۇڭ. ساھابىلەرنىڭ بۇ خىل ياخشى كۆرۈشى — الله نى ياخشى كۆرۈشتىن قالسىلا، ئەڭ چىن ۋە ئەڭ مۇكەممەل ياخشى كۆرۈش بولغانىدى. نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن!؟ بۇ خىل ياخشى كۆرۈش پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەردىن قالسىلا قەلبى ئەڭ پاك ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان مۇھەممەد ﷺ گە بولغان ياخشى كۆرۈشى تۇرسا.

- ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

پەيغەمبەر ﷺ مەككىدىن ھىجرەت قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋاقىتتا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ساڭا ھەمراھ بولاي» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ مۇ: «مەنمۇ سېنى ھەمراھ بولسىكەن دەيمەن» دېگەن. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ قېشىمدا ئىككى تۆگە بار، مەن ئۇ ئىككىسىنى (سەن بىلەن بىللە مەككىدىن) چىقىپ كېتىشكە تەييارلىغان ئىدىم، سەن بىرىنى ئالغىن» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: «مەن ئۇنى پۇلغا سېتىۋالاي» دېگەن.

بەزى نەقىلدە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «الله بىلەن قەسەمكى، ئاشۇ كۈندىن ئىلگىرى ھېچبىر كىشىنىڭ ئەبۇ بەكرى خۇرسەنلىكتىن يىغلىغاندەك يىغلىغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىدىم».

ھىجرەت جەريانىدا ئۇلار غارغا كىرمەكچى بولغاندا، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ دوستى پەيغەمبەر ﷺ گە: «الله بىلەن قەسەمكى، سەن كىرمەي تۇرغىن، ئاۋۋال مەن كىرەي. ئەگەر ئۇنىڭدا بىرەر زىيانداش بولسا، ساڭا (زىيان) يەتكۈزۈپ قويمىسۇن» دېدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غارغا كىرىپ، ئۇنى تازىلىدى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۆشۈك بارلىقىنى بايقاپ، ئىشتىنىنى يىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۆشۈكنى ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىككى تال تۆشۈك ئېشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئىككى تۆشۈككە ئىككى پۇتىنى تىقتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «كىرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ كىرىپ، ئەبۇ بەكرىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆشۈككە تىقىپ تۇرغان پۇتىنى يىلان چېقىۋالدى، لېكىن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ مىدىر-سىدىر قىلماي چىداپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاغرىق ئازابى تۈپەيلى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇبارەك مەڭزىگە تېمىپ كېتىپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن: «نېمە بولدۇڭ، ئى ئەبۇ بەكرى؟» دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يىلان چېقىۋالدى، ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاتا-ئانام ساڭا پىدادۇر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ پۇتىغا تۈكۈرۈپ قويۇۋېدى، ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئاغرىق پەسەيدى.

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەزىلەتتە ئارتۇق سانىغانلىقى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: <الله بىلەن

قەسەمكى، ئەبۇ بەكرىنىڭ بىر كېچىسى ئۆمەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن ياخشىدۇر، ئەبۇ بەكرىنىڭ بىر كۈنى ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ غارغا مېڭىش ئۈچۈن چىققاندا ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە ئىدى. ئەبۇ بەكرى بىردەم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا، يەنە بىردەم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئارقىسىدا مېڭىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنى سېزىپ:

— ئى ئەبۇ بەكرى! نېمىشقا بىردەم ئالدىمدا، بىردەم كەينىمدە ماڭىسەن؟ — دەپ سورىغاندا، ئەبۇ بەكرى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئىز قوغلىغۇچىلاردىن ئەنسىرەپ ئارقاڭدا، چارلىغۇچىلاردىن ئەنسىرەپ ئالدىڭدا ماڭدىم — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئى ئەبۇ بەكرى! ئەگەر بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مەن ساق قېلىپ ساڭا مۇسىبەت يەتسە مەيلىمۇ؟ — دېگەندە، ئەبۇ بەكرى:

— ئەلۋەتتە. سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇسىبەت بولۇپلا قالسا، ئۇنىڭ ساڭا ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمگە يېتىشىنى ياخشى كۆرىمەن — دېدى. ئۇ ئىككىيلەن غارغا يېتىپ بارغاندا، ئەبۇ بەكرى:

— ئى رەسۇلۇللاھ، بىرئاز ساقلاپ تۇرغىن، مەن كىرىپ غارنى تازىلاي — دېدى ـ دە، غارغا كىرىپ تازىلىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولۇپ تۆشۈكنى ئەتمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىرئاز ساقلاپ تۇرغىن، مەن تۆشۈكنى ئېتەي — دېدى. ئاندىن غارغا كىرىپ تۆشۈكنى ئەتكەندىن كېيىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەمدى چۈشكىن — دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ غارغا چۈشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <جېنىم قولىدا بولغان زات

بىلەن قەسەمكى، ئاشۇ بىر كىچە ئەلۋەتتە ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىدۇر> دېگەن».①

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ: «الله تائالا بىر بەندىگە دۇنيادىكى نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەرگەن ئىدى، ئۇ بەندە الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنى تاللىدى» دېگەنىدى، ئەبۇ بەكرى بۇنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى.② مەن كۆڭلۈمدە: «الله تائالا بىر بەندىگە دۇنيادىكى نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەرگەن بولسا، ئۇ بەندە الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنى تاللىغان بولسا، بۇ كىشى نېمىگە يىغلايدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدىم. ئەمەلىيەتتە تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن بەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ بولۇپ، ئەبۇ بەكرى بۇنى بىزدىن بۇرۇن چۈشىنىپ بولغانىكەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئەبۇ بەكرى! يىغلىمىغىن، مەيلى ھەمراھ بولۇش ياكى مال-مۈلكىنى تەقدىم قىلىش جەھەتتە بولسۇن، ئىنسانلار ئىچىدە سەندىن ئەڭ مىننەتدارمەن. ئەگەر ئۈممىتىم ئىچىدىن سىرداش دوست تۇتىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە سېنى دوست تۇتقان بولاتتىم. لېكىن ئارىمىزدا ئىسلامنىڭ قېرىنداشلىقى ۋە دوستلۇقى بار. مەسجىد ئىچىگە ئېچىلغان ئىشىكلەر تاقالسۇن، ئەمما ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق قالسۇن» دېدى.③

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ بەكرى سەكراتقا چۈشۈپ

---

① ھاكىم توپلىغان ۋە «بۇخارى، مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن <ئىسنادى سەھىھ>» دېگەن.

② ئويلىنىپ بېقىڭ! ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دوستى مۇھەممەد ﷺ نىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ئىدى. شۇڭا بۇ سۆز ئۇنىڭغا ناھايىتى تەسىر قىلغان.

③ بۇخارى توپلىغان.

قالغاندا: <بۈگۈن كۈنگە نېمە؟> دەپ سورىدى. ئۇلار: <بۈگۈن دۈشەنبە كۈنى> دېدى. ئەبۇ بەكرى: <ئەگەر مەن مۇشۇ كېچىدە ۋاپات بولسام، مېنى ئەتىگە قالدۇرماڭلار. ھەقىقەتەن، كۈن ۋە تۈنلەرنىڭ ئىچىدە ماڭا سۆيۈملۈك بولغىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەڭ يېقىن بولغىنىدۇر» دېدى.[1]

- ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: كنا مع النبي ﷺ وهو آخذ بيد عمر، فقال له عمر: يا رسول اللّٰه، لأنت أحب إلي من كل شيء إلا نفسي، فقال ﷺ لا والذي نفسي بيده حتى أكون أحب إليك من نفسك، فقال له عمر: فإنه الآن واللّٰه لأنت أحب إلي من نفسي ،فقال ﷺ الآن يا عمر.

بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۆمەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ماڭا ئۆز جېنىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈكسەن، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ياق! جېنىم قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاكى مەن ساڭا ئۆز جېنىڭدىنمۇ بەك سۆيۈملۈك بولمىغۇچە (ئىمانىڭ كامىل) بولمايدۇ، — دېدى. ئۆمەر دەرھال:

— الله نىڭ نامى بىلەن شەكسىز قەسەم قىلىمەنكى، سەن ھازىر ماڭا ئۆز جېنىمدىنمۇ بەك سۆيۈملۈكسەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئۆمەر! مانا ئەمدى (ئىمانىڭ كامىل) بولدى، — دېدى.[2]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (بىرەر نەرسىنى تەقسىم قىلىپ بەرسە) ئۇسامە ئىبنى زەيدكە ماڭا تەقسىم

---

① ئەھمەد توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

قىلىپ بەرگەندىنمۇ كۆپرەك تەقسىم قىلىپ بېرەتتى، مەن ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ: ‹ھەقىقەتەن ئۇسامە رەسۇلۇللاھقا سەندىن سۆيۈملۈك ئىدى. ئۇنىڭ دادىسىمۇ رەسۇلۇللاھقا داداڭدىن سۆيۈملۈك ئىدى› دېدى». [1]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەنجەر تىقىلغاندىن كېيىن ئەجىلى يېقىنلاشقان ھالەتتە ساھابىلەرنىڭ بىرىگە: «مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ‹ئۆمەر سىزگە سالام ئېيتتى› دېگىن، ھەرگىزمۇ ‹مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى سىزگە سالام ئېيتتى› دېمىگىن. مەن بۈگۈندىن باشلاپ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەمەس. ئاندىن: ‹ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىككى دوستىنىڭ (يەنى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ) يېنىغا دەپنە قىلىنىش ئۈچۈن سىزدىن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ› دېگىن» دېدى.

ئۇ كىشى (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بولۇپ) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە بېرىپ سالام بەردى ۋە ئۆيىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. (ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن) ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاندىن ئۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سىزگە سالام ئېيتتى، ئۇ ئىككى دوستىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىش ئۈچۈن سىزدىن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «(ئۇ ئىككىسىنىڭ يېنىدىكى بوش جايدا) ئۆزۈم يېتىشنى بەكمۇ خالايتتىم، بۈگۈن ئۆز نېسىۋەمدىن كېچىپ، ئۇنى ئۆمەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىمەن» دېدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، كىشىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكۈزدى. ئۆمەر: «مېنى يۆلەڭلار!» دېدى. ئاندىن

---

[1] ھاكىم توپلىغان ۋە «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

بىر ئادەم ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن ياخشى كۆرىدىغان خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم، ساڭا رۇخسەت بېرىلدى» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىش يوق ئىدى. ئەگەر مەن ۋاپات بولسام، مېنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىڭلار، ئاندىن (ئابدۇللاھ) ئائىشەگە سالام قىلسۇن ۋە <ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سىزدىن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ> دېسۇن. ئەگەر ئائىشە مېنىڭ ئۇ جايدا يېتىشىمغا ئىجازەت بەرسە، مېنى ئۇ يەرگە دەپنە قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىجازەت بەرمىسە، مېنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىڭلار» دېدى.[①]

- ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەككە كاتتىۋاشلىرى ۋە ياشلىرى پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ۋاقىتتا، مانا بۇ پىدائىي — ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئورنىدا ئۇخلاش ئارقىلىق پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئىدى.

- ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاشلاپ كەتكەندە مەن بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا ئۇنى قوغداپ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئادەمگە قاراپ: <ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! تەلھە (تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ) بولغىيتتىڭ>

---

① بۇخارى توپلىغان.

دەپ ئىككى قېتىم دېدىم. ئاندىن ئارقامدىكى كىشىگە قارىدىم، ئۇ قۇشتەك تېز كېلىپ ماڭا يېتىشىۋالدى. قارىسام، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئىكەن. بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا باردۇق. تەلھە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا يىقىلدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹دونكم أخوكم فقد أوجب› ‹قېرىندىشىڭلاردىن خەۋەر ئېلىڭلار، جان ئۈزگەندەك قىلىدۇ› دېدى».

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پېشانىسىگە ۋە مەڭزىگە ئوق تېگىپتۇ. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پېشانىسىدىكى ئوقنى تارتماقچى بولغانىدىم، ئەبۇ ئۇبەيدە: ‹ئى ئەبۇ بەكرى! سەندىن الله نىڭ نامى بىلەن ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرىشىڭنى سورايمەن› دېدى(مەن ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردىم)، ئاندىن ئۇ ئوقنى چىشى بىلەن تارتىپ ئالدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئوقنى مىدىرلىتىپ ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ﷺ گە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئوقنى چىشى بىلەن سۇغاردى. تەلھە كۆپ چارچىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ تەلھەدىنمۇ كۆپرەك چارچىغان ئىدى. نەيزە، قىلىچ ۋە ئوقلار زەربىسى بىلەن تەلھەنىڭ 30 نەچچە يېرى يارىلانغان ئىدى».[①]

ئۇھۇد كۈنى تىلغا ئېلىنسىلا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئۇ كۈننىڭ ھەممىسى تەلھەنىڭ بولۇپ كەتكەن› دەيتتى.

ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنىڭ ئىككى تال چىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەڭزىگە كىرىپ كەتكەن دۇبۇلغىنىڭ ئىككى تال ھالقىسىنى تارتىش جەريانىدا سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىزى ئۇ ئىككى چىشىنىڭ سۇنۇپ كېتىشى بىلەن ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ كەتكەن، ھەتتاكى «ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ سۇنۇق چىشىدىنمۇ گۈزەل چىش يوق» دېيىلگەن.

[①] ئىبنى ھىببان توپلىغان.

- ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۇھۇد كۈنى بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نى تاشلاپ قېچىشتى. ئەبۇ تەلھە تېرىدىن ياسالغان قالقىنى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نى ھەم ئۆزىنى قوغدىدى. ئەبۇ تەلھە ئوقيانىڭ كېرىچىنى بەك كۈچەپ تارتىدىغان مەرگەن بولۇپ، شۇ كۈنى ئىككى ياكى ئۈچ دانە ئوقيانى سۇندۇرۇۋەتكەن ئىدى. بىرەرسى ئۇنىڭ قېشىدىن ئوقدان كۆتۈرگەن ھالدا ئۆتۈپ قالسا، پەيغەمبەر ﷺ: «انشرها لأبي طلحة» «ئوقىنى ئەبۇ تەلھەنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگىن!» دەيتتى. پەيغەمبەر ﷺ بويىنىنى سوزۇپ دۈشمەنگە قارىماقچى بولغاندا، ئەبۇ تەلھە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، بېشىڭنى كۆتۈرمىگىن، ساڭا دۈشمەن ئوقى تېگىپ كەتمىسۇن، مېنىڭ كۆكرىكىم ساڭا قالقان بولسۇن» دەيتتى.[1]

قەيس ئىبنى ھازىم مۇنداق دېگەن: «تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنىڭ پالەچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، تەلھە ئۇھۇد كۈنى شۇ قولى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نى قوغدىغان ئىدى».[2]

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنىڭ ئىككى قىزى ئائىشە ۋە ئۇممۇ ئىسھاقتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۇھۇد كۈنى ئاتىمىزنىڭ 24 يېرى جاراھەتلەنگەن. ئۇ جاراھەتلەرنىڭ ئىچىدە بېشىدا تۆت چاسا يېرىق بار ئىدى. ئۇنىڭ تومۇرى كېسىلىپ، بارمىقى پالەچ بولۇپ قالدى. جاراھەتلەرنىڭ قالغانلىرى ئۇنىڭ بەدىنىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا بىھوشلۇق يەتكەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭمۇ چىشلىرى سۇنۇپ، يۈزى يارىلىنىپ، ئۇخشاش بىھوشلۇق يەتكەن ئىدى. ئاتىمىز جاراھەتلەرگە بەرداشلىق

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.

بىرىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن كەينىگە چېكىندى. ناۋادا مۇشرىكلاردىن بىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ھۇجۇم قىلسا، تەلھە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداپ ئۇرۇش قىلاتتى. ھەتتاكى، ئۇ مۇشرىكنى جىلغىغىچە قىستاپ باراتتى».

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەدىنە خەلقىنىڭ ھېچبىر ئىشقا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەدىنىگە كەلگىنىگە خۇشال بولغىنىدەك خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، ھەتتاكى دېدەكلەرمۇ <رەسۇلۇللاھ ﷺ كەلدى> دەپ توۋلاشقانىدى».[1]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە كىرگەن كۈنى ھەممە نەرسە نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغان كۈنى ھەممە نەرسە قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ نى دەپنە قىلىشتىن قوللىرىمىزنىڭ (توپىسىنى) قاقماي تۇرۇپ، قەلبلىرىمىز ئۆزگىرىشكە باشلىدى».[2]

جابىر ئىبنى سەمۇرە ئەبۇ ئەييۇبتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، پەيغەمبەر ﷺ ئاستىغا، ئەبۇ ئەييۇب ئۈستىگە ئورۇنلاشتى. ئەبۇ ئەييۇب كېچىسى (ئۇيقۇسىدىن) ئويغىنىپ: <بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشى ئۈستىدە ماڭامدۇق؟> دېدى. ئاندىن ئۇلار ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ، ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە ياتتى. ئەبۇ ئەييۇب پەيغەمبەر ﷺ گە (ئۈستىگە يۆتكىلىشنى) ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ﷺ: <ئاستى قولايلىق> دېدى. ئەبۇ ئەييۇب: <سەن ئاستىدا بولساڭ، مەن ئۈستىگە چىقمايمەن> دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۈستىگە، ئەبۇ ئەييۇب ئاستىغا كۆچتى. ئەبۇ ئەييۇب پەيغەمبەر ﷺ گە تاماق قىلىپ

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بېرەتتى. تاماقنىڭ ئېشىپ قالغىنى ئەبۇ ئەييۇبقا كەلتۈرۈلسە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بارماقلىرىنىڭ ئورنىنى سوراپ (قولىنى) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بارماقلىرىنىڭ ئورنىغا قوياتتى». ①

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ سۇ بار كوزىمىز سۇنۇپ كەتتى. ئايالىم ئىككىمىز بىرەر تامچە سۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەزىيەت بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، سۇنى يېپىنچىمىز بىلەن قۇرۇتتۇق، بىزنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يېپىنچىمىز يوق ئىدى». ②

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كېچىسى (خېلى ئۇزۇنغىچە) ئۇخلىيالمىدى. ئاخىرى: <كاشكى، ساھابىلىرىمدىن سالىھ بىر كىشى كېلىپ، بۇ كېچە مېنى قوغدىغان بولسىچۇ؟> دېدى. بىردەمدىن كېيىن قورالنىڭ (تىرىقلىغان) ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: <كىم سەن؟!> دېگەنىدى، ئۇ: <ئى رەسۇلۇللاھ ! مەن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس بولىمەن، سېنى قوغداي دەپ كەلدىم> دېدى. شۇندىلا پەيغەمبەر ﷺ خاتىرجەم ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى. ھەتتا، مەن ئۇنىڭ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىدىم». ③

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ھېچبىر كىشى ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىنمۇ سۆيۈملۈك ۋە ھۆرمەتلىك ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنى بەك ھۆرمەتلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىغانىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تەسۋىرلەپ بېرىشتىن سورالسام، ئۇنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئىبنى ئىسھاق توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قانغۇچە تىكىلىپ قارىيالمىغان ئىدىم».[1]

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بەدر كۈنى سەپكە تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى يېنىمغا قارىسام، ئەنسارىلاردىن بولغان يېشى كىچىك ئىككى يىگىتنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ قاپتىمەن. بۇنى كۆرۈپ: <كاشكى، بۇلاردىن قاۋۇلراق كىشىلەرنىڭ يېنىدا تۇرغان بولسامچۇ؟> دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم. دەل شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ بىرى مېنى نوقۇپ تۇرۇپ: <ئى تاغا! ئەبۇ جەھىلنى تونۇمسىز؟> دېگەنىدى، مەن: <ھەئە، تونۇيمەن. ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟> دەپ سورىدىم. ئۇ: <مەن ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. جېنىم قولىدا بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، ئىككىمىزدىن بىرىمىزنىڭ ئەجىلى توشمىغۇچە ئۇنى قويۇۋەتمەيمەن> دېدى. مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرسام، يەنە بىرىمۇ مېنى نوقۇپ شۇنداق دېدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەبۇ جەھىلنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ ئىككىسىگە: <سىلەر سورىغان ئادەم ئاۋۇ شۇ> دېدىم. ئۇ ئىككىسى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.[2] ئاندىن، ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى».[3]

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇ ياشلارنىڭ يېشى كىچىك تۇرۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئابرۇيىنى قوغداشقا مۇسابىقىلەشكەنلىكىگە ۋە بۇنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشكە قانچىلىك ئالدىرىغانلىقىغا قاراڭ! بۇ ئىككىسى ئەبۇ جەھىلنىڭ مۇشرىكلار نەزىرىدىكى كاتتا سالاھىيىتى ۋە گەۋدىسىنىڭ چوڭلۇقىغىمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. مۇشۇ ئۇممەتنىڭ پىرئەۋنى ھېسابلانغان، ھوقۇق ۋە كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان ئەمەلىي رىئاللىق ئالدىدا پايدا-زىياننى دەڭسەپ ئولتۇرمىدى. ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ قىلغان ئىشىنى بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزدىكى ياشلار قىلسا، بۇ ۋاقىتتا ئىلىم، ھېكمەت ۋە سىياسەتنى داۋراڭ سالىدىغان كىشىلەرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەقىلسىزلىق، قارامىلىق، تەنتەكلىك...!

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

• ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد

ئۇ (بۇ كىشى ئاشۇ كۈنى مۇشرىك ئىدى) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە بولغان مۇھەببىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئى قەۋمىم! مەن نۇرغۇنلىغان پادىشاھلارنىڭ، يەنى كىسرا، قەيسەر ۋە نەجاشىلارنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى بولۇپ بارغان ئىدىم. الله بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرى مۇھەممەدكە كۆرسەتكەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنى ھېچبىر پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن كۆرۈپ باقمىدىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ تۈكۈرسە، ساھابىلىرىدىن بىرىنىڭ ئالقىنىغا چۈشىدىكەن ـ دە، ئۇنى يۈز ـ كۆزىگە سۈرتىدىكەن؛ ئۇلارنى (بىر ئىش قىلىشقا) بۇيرۇسا، ئۇلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى (دەرھال ئىجرا قىلىشقا) يۈگۈرۈشىدىكەن؛ تاھارەت ئالسا، تاھارەتتىن ئاشقان سۇيىنى تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى تاس قالىدىكەن؛ ئۇ سۆز قىلغاندا ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئاۋازلىرىنى پەسەيتىپ جىم تۇرۇشىدىكەن. ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن ھېچكىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايدىكەن». [1]

بەنى مۇستەلەق غازىتىدىن كېيىن، سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ ﷺ غازاتتىن مەدىنىگە قايتىۋاتقان ۋاقىتتا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئۆزىنىڭ «ئەگەر مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېگەن نىفاق سۆزىنى دېدى (الله ئۇنى خار قىلسۇن! ئۇ ئەڭ ئەزىز ئادەم دەپ ئۆزىنى، ئەڭ خار ئادەم دەپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆزدە تۇتقانىدى). ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، دادىسىنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت سورىدى.

[1] بۇخارى توپلىغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «داداڭنى ئۆلتۈرمىگىن!» دېدى. ئاندىن ئابدۇللاھ دادىسىغا: «اللە بىلەن قەسەمكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ خار، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەڭ ئەزىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغۇچە (مەدىنىگە) كىرەلمەيسەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل بۇنى ئېتىراپ قىلدى.①

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئايالى: «ۋاي ئىسىت!» دەپ توۋلىغانىدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «نەقەدەر خۇشاللىق بۇ! مەن ئەتە دوستلىرىم مۇھەممەد ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ئۇچرىشىمەن» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر كۈنى قولىدىكى پەيسىز يا ئوقى بىلەن ساھابىلىرىنىڭ سەپلىرىنى تۈزلەۋېتىپ، سەۋۋاد ئىبنى غەزىييەنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ سەپتىن چىقىپ قالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يا ئوقى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا نوقۇپ: «تۈز تۇر، ئى سەۋۋاد!» دېگەنىدە، سەۋۋاد: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاغرىتىۋەتتىڭ. ھەقىقەتەن، اللە سېنى ھەق ۋە ئادىللىق بىلەن ئەۋەتتى، شۇڭلاشقا قىساس تەلەپ قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ قورسىقىنى ئېچىپ: «قىساس ئالغىن» دېۋىدى، سەۋۋاد رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا سۆيدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى سەۋۋاد! نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟» دېدى. سەۋۋاد: «ئى رەسۇلۇللاھ! كۆرۈپ تۇرغىنىڭدەك (جەڭ) باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بەدىنىمنىڭ سېنىڭ بەدىنىڭگە تەگكەن ۋاقتىنىڭ سەن بىلەن بىرگە بولغان ئاخىرقى ۋاقىت بولۇشىنى ياخشى كۆردۈم» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ياخشى دۇئالارنى قىلدى.[1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئەما كىشىنىڭ دېدىكى بار بولۇپ، ئۇ دېدەك پەيغەمبەر ﷺ نى تىللايتتى ۋە ناھايىتى بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلاتتى. ئەما كىشى ئۇنى توسسىمۇ، كايىسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايتتى. بىر كېچىسى ئۇ دېدەك يەنە پەيغەمبەر ﷺ ھەققىدە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىپ تىللاشقا باشلىغاندا، ئەما كىشى بىر خەنجەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقتى ـ دە، ئارقىسىدىن ئۆزىنى ئۇ دېدەكنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دېدەكنىڭ قورسىقىدىكى بالا چۈشۈپ كېتىپ، قان شۇ يەردىكى نەرسىلەرنى بۇلغىۋەتتى. ئەتىسى سەھەردە بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ﷺ گە خەۋەر قىلىنغاندا، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى توپلاپ: <الله نىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، بۇ ئىشنى قىلغان ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بولغان بۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرسۇن!> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەما كىشى تىترىگەن پېتى ئورنىدىن تۇردى ۋە كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم. ئۇ سىنى تىللايتتى ۋە سەن ھەققىدە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلاتتى، ئۇنى توسساممۇ توختىمايتتى، كايىساممۇ سۆزۈمنى ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭدىن گۆھەردەك ئىككى ئوغلۇم بار بولۇپ، ئۇ ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ يەنە سىنى تىللاپ بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن خەنجەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقتىم ۋە ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم> دېدى. (بۇنى ئاڭلىغان) پەيغەمبەر ﷺ: <(ئى خالايىق!) گۇۋاھ بولۇپ قويۇڭلاركى، ئۇنىڭ خۇنى بىكار قىلىندى>

[1] «البداية والنهاية» 3 ـ توم 271 ـ بەت، ئەلبانى «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

دېدى». [1]

ئەبۇ ئەمىر شەيبانىدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، زەيدنىڭ قېرىندىشى جەبلە ئىبنى هارىس مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قېرىندىشىم زەيدنى مەن بىلەن كەتكىلى قويساڭ» دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ ئەنە، ئەگەر ئۇ سەن بىلەن بىللە كېتىشنى خالىسا، مەن ئۇنى توسمايمەن» دېدى. زەيد: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن هېچبىر كىشىنى سەندىن ئارتۇق كۆرمەيمەن» دېدى. كېيىنچە ئۇنىڭ پىكرىنىڭ مېنىڭكىدىن توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. [2]

ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ دۇجانە بەدىنىنى قالقان قىلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداۋاتقاندا ئۇنىڭغا كۆپ ئوق تەگكەن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نى هىمايە قىلىپ تۇرغاندا، ئوق ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تەگكەن ئىدى».

ئاسىم ئىبنى هۇمەيد سۇكونىيدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنى يەمەنگە ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۇ يەمەنگە سەپەر قىلماقچى بولغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۇزىتىپ قويغىلى چىقىپ ئۇنىڭغا نەسىهەت قىلدى. مۇئاز ئۇلاغقا مىنىۋالغان بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ يېنىدا پىيادە مېڭىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ نەسىهەتنى تۈگىتىپ: «يا معاذ انك عسى ان لا تلقاني بعد عامي هذا ولعلك ان تمر بمسجدي وقبرى» «ئى مۇئاز! بەلكىم سەن مەن بىلەن بۇ يىلدىن كېيىن كۆرۈشەلمەسلىكىڭ، قەبرەمنىڭ ۋە مەسجىدىمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشۈڭ مۇمكىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇئاز پەيغەمبەر ﷺ دىن ئايرىلىشقا چىدىماي يىغلاپ كەتتى.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەهىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى ۋە هاكىم توپلىغان؛ هاكىم، زەهەبى ۋە ئەلبانى «سەهىھ» دېگەن.

پەيغەمبەرﷺ: «لا تبك يا معاذ للبكاء أو ان البكاء من الشيطان» «ئى مۇئاز! يىغلىما، چۈنكى يىغا شەيتاندىندۇر» دېدى.[1]

- خۇبەيىب ئىبنى ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۇنى قاتتىق ئازابلاپ، گۆشلىرىنى كەسكەندىن كېيىن، ئۇنى خورما شېخىغا ئېسىپ قويغان بولۇپ، شۇ ھالىتىدە ئۇنىڭدىن: «سەن ئۆيۈڭدە سالامەت تۇرۇپ، مۇھەممەدنىڭ سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇشىنى خالامسەن؟» دەپ سورىغاندا، خۇبەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆيۈمدە سالامەت تۇرۇپ، مۇھەممەد ﷺ نىڭ پۇتىغا بىر تال تىكەننىڭ كىرىشىگە رازى ئەمەسمەن» دېگەن.

زەيد ئىبنى دەسنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن ئىدى. ئەبۇ سۇفيان ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان ۋاقىتتا: «ئى زەيد! مەن الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، سەن ئۆيۈڭدە تۇرۇپ، سېنىڭ ئورنۇڭدا مۇھەممەد بولسا، ئۇنىڭ بويۇنىغا ئۇرۇشىمىزنى خالامسەن؟» دېگەندە، ئىبنى دەسنە: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ، مۇھەممەد ﷺ گە ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورنىدا ئەزىيەت بېرىدىغان بىر تال تىكەننىڭ كىرىپ كېتىشىنىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن» دېگەن.

ئۇرۋە مۇنداق دېگەن: زۇبەير سەككىز ياشتا ئىسلامغا كىردى. شەيتان «رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدە تۇتۇلۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى تارقاتقاندا، 12 ياشلىق زۇبەير قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئەجەبلىنىپ: «كىچىك بالا قىلىچ كۆتۈرۈۋاپتىغۇ» دېيىشتى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: «ئى زۇبەير! ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. زۇبەير پەيغەمبەر ﷺ گە (تارقالغان خەۋەرنى) ئېيتتى

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەرنەئۇت «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ۋە «قىلىچىم بىلەن سېنى تۇتقان كىشىنى چېپىش ئۈچۈن كەلدىم» دېدى.

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇبۇلغا كىيىپ، قىلىچ تۇتقان هالدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇرۋە (ئۇ مۇغىيرەنىڭ تاغىسى) ھەر قېتىم قولىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساقىلىغا ئۇزاتماقچى بولغاندا، مۇغىيرە دەرھال قىلىچ غىلىپىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ، «قولۇڭنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساقىلىدىن نېرى تارت!» دەيتتى.[1]

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنى دىناردىن بولغان بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئېرى، قېرىندىشى ۋە دادىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە ئۇھۇدتا مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ خەۋىرى ئۇ ئايالغا يەتكەندە، ئۇ ئايال: «رەسۇلۇللاھ ﷺ قانداقراق؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئى پالانچىنىڭ ئانىسى، ئۇ خۇددى سەن ئارزۇ قىلغاندەك ياخشى، الله قا ھەمدىلەر بولسۇن!» دېدى. ئۇ ئايال: «ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، ئۇنى بىر كۆرۈۋالاي» دېدى. ئاندىن ئۇ ئايالغا رەسۇلۇللاھ ﷺ كۆرسىتىپ قويۇلغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قاراپ: «ھەرقانداق مۇسىبەت ساڭا كەلگەن مۇسىبەتكە سېلىشتۇرغاندا ھېچنەرسە ئەمەس» دېدى.

يەنە بىر نەقىلدە، ئۇ ئايال يېقىلغان قېرىندىشى، دادىسى، ئېرى ۋە ئوغلىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە «بۇ كىم؟» دەپ سورايتتى. ئۇ ئايالغا: «بۇ قېرىندىشىڭ، بۇ ئوغلۇڭ، بۇ ئېرىڭ، بۇ داداڭ» دەپ جاۋاب بېرىلگەندە، ئايال بۇ جاۋابلارغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيتتى، بەلكى داۋاملىق: «رەسۇلۇللاھ ﷺ قانداقراق؟» دەپ سورايتتى. ساھابىلەر: «رەسۇلۇللاھ ﷺ

[1] بۇخارى توپلىغان.

ئالدىڭدا» دېگەندى، ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كىيىمىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، سەن سالامەتلا بولساڭ، مەن ئۇچۇن باشقا نەرسىنىڭ كارايىتى چاغلىق» دېدى.

# ساھابىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ﷲ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدىكى ئەنسارىلارنىڭ مۇھاجىرلارنى ياخشى كۆرۈش كارتىنىسى ــ ﷲ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئۇلارنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىش، ئۆز مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىشتىكى ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ چىن كۆرۈنۈشتۇر. ﷲ تائالا مۇنۇ ئايىتىدە ئۇلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ تَبَوَّءُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِنْ قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارىلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[1].

سەئىد ئىبنى رەبىئ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە: «ئى ئابدۇراھمان! مەن مەدىنىلىكلەر ئىچىدە ئەڭ باي كىشى، مېنىڭ ئىككى ئايالىم بار. مېلىمنى ئىككىگە تەقسىم قىلىپ بىر ئۈلۈشىنى بېرەي، ئىككى ئايالىمدىن ئۆزۈڭگە ياققىنىنى تاللىغىن، مەن ئۇنى تالاق قىلاي، ئاندىن كېيىن سەن ئۇنىڭغا ئۆيلەنگىن» دېگەندە، ئابدۇراھمان ئۇنىڭغا: «ﷲ تائالا ئەھلىڭگە ۋە مېلىڭغا بەرىكەت بەرسۇن، ماڭا بازارنى كۆرسىتىپ قويغىن» دېگەن.

مۇھاجىرلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا (ھىجرەت قىلىپ) كەلگەن بۇ قەۋمدىنمۇ ئېسىل ۋە مەرت قەۋمنى كۆرۈپ باقمىدۇق. مال ـ

[1] سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەت.

مۈلكى ئازلىرى بىزنى تەڭ بەھرىمەن قىلدى، مال ـ مۈلكى كۆپلىرى بىزگە كۆپ بېرىۋەتتى. بۇلار بىزنى ئىشقا سالماي ھوسۇلنى تەڭ بۆلۈپ بېرىدۇ. بىز بۇلارنىڭ ھەممە ساۋابلارنى ئىگەللىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇق» دېگەندە، پەيغەمبەرﷺ: «لا، ما أثنيتم عليهم ودعوتم اللّٰه لهم» «ياق، سىلەر ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلار ھەققىدە الله قا دۇئا قىلىپ تۇرساڭلار، (ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرغان بولىسىلەر)» دېگەن.[①]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى: «الله بىلەن قەسەمكى، زېمىن يۈزىدە ماڭا ئۆمەردىنمۇ سۆيۈملۈك بىر كىشى يوق» دېدى. ئۇ چىقىپ كېتىپ بولۇپ (ئۇزۇن ئۆتمەيلا) قايتىپ كىرىپ: «ئى قىزىم! مەن نىمە دەپ قەسەم قىلدىم؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا (قىلغان قەسىمىنى) ئېيتىپ بەردىم. ئاندىن ئۇ: «ئۆمەر ماڭا ئەزىز، لېكىن بالا قەلبكە يېپىشقاقتۇر» دېدى.

ھەسەندىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەزى كېچىلىرى بىرەر قېرىندىشىنى ئەسلەپ: «بۇ كېچە نېمىدېگەن ئۇزۇن ـ ھە؟» دەيتتى. ئۇ پەرز نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەتىگەندە ئۇنىڭ يېنىغا باراتتى. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! الله بىلەن قەسەمكى، بەزىڭلارنى سېغىنىپ كېچە ماڭا شۇنداق ئۇزۇن بىلىنىدۇ، تاڭ ئاتقۇزسام‌لا ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋالىمەن».

---

[①] ئىمام ئەھمەد توپلىغان. ئىبنى كەسىر «سەھىھ» دېگەن، ئەرنەئۇت «ئىسنادى بۇخارى، مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن» دەپ باھا بەرگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ: «مۇئاز قېنى؟» دەپ سورىغانىدى، مۇئاز: «مانا مەن! ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يېقىن كەلگىن، مەن سېنى كېچىچە ئەسلەپ، ساڭا بولغان سېغىنىشىم ۋە ياخشى كۆرۈشۈم سەۋەبىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدىم، بۇياققا كەلگىن» دېدى. ئاندىن ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ يىغلىشىپ كەتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سورۇنداشلىرىغا: «ئارزۇيۇڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار» دېگەندە، ئۇلار ئارزۇلىرىنى ئېيتىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە ھۇزەيفە ئىبنى يەماننىغا ئوخشاش كىشىلەر بىلەن تولغان بىر ئۆينىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، مەن ئۇلارنى الله قا ئىتائەت قىلىدىغان ئىشلاردا مەسئۇل قىلغان بولاتتىم» دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىدىن كېيىن ساھابىلەرنى ئەسلەپ، يىغلاپ تۇرۇپ: «ئۇلار مېنى قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىشتى» دەيتتى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر بۆلۈك قېرىنداشلىرىمنى بىر سا ياكى ئىككى سا مىقداردىكى تائامغا چاقىرىشىم، بازارغا چىقىپ بىر قۇل ئازاد قىلغىنىمدىن سۆيۈملۈكتۇر».

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سەھەر ۋاقتىدا بەزى قېرىنداشلىرىمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ دۇئا قىلىمەن».

پەيغەمبەر ﷺ: «دۇنيادا دوستلاشقان بۇ ئىككى كىشىنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىڭلار»[1] دېگەنلىكى ئۈچۈن، الله ئۈچۈن دوست بولۇشقان ئابدۇللاھ

[1] ئىبنى قەييىم «زاد المعاد» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.

ئىبنى ئەمىر ئىبنى ھەرام بىلەن ئەمىر ئىبنى جەمۇھ بىر قەبرىگە دەپنە قىلىنغانىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر پارچە زېمىننى بۆلۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا بىرقانچە كىشىنىڭ گۇۋاھچى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. گۇۋاھچىلارنىڭ قاتارىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى. تەلھە قول قويۇپ بېرىشى ئۈچۈن خەتنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قول قويغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن تەلھە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ: «الله بىلەن قەسەمكى، ئۆمەر ئىككىڭلاردىن قايسىڭلارنىڭ خەلىپە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم» دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۆمەر خەلىپە، لېكىن ئۆمەر مەن شۇ (يەنى ئۆمەرنىڭ سۆزى مېنىڭ سۆزۈم)» دېدى.

شۇئبەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا چىقسا: «سىلەر بولغاچقىلا غېمىم يوق» دەيتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى مېنىڭ سۆھبەتدىشىمدۇر، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا چىۋىن قونسىمۇ، ماڭا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ».

ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانى مۇنداق دېگەن: «مەن دەمەشىقتىكى بىر مەسجىدكە كىرگىنىمدە، كىشىلەرنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىر ياشنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئەگەر ئۇلار بىرەر مەسىلە ئۈستىدە

تالىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ پىكرىنى ئالىدىكەن. قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر ئىشتىياق قوزغالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مەسجىدكە بالدۇر كىرسەم، ئۇ مەندىنمۇ بالدۇر كېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇردۇم. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن — دېدىم. ئۇ:

— الله ئۈچۈنمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ھەئە، الله ئۈچۈن، — دېدىم. ئۇ يەنە:

— الله ئۈچۈنمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن يەنە:

— ھەئە، الله ئۈچۈن، — دېدىم. ئۇ يەنە بىر قېتىم:

— الله ئۈچۈنمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن يەنە:

— الله ئۈچۈن، — دېدىم. ئاندىن ئۇ مېنى تونۇمنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. ئاندىن:

— خۇش بېشارەت ئالغىن! مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: الله تائالا مۇنداق دېگەن: «وجبت محبتي للمتحابين في، والمتجالسين في، والمتزاورين في، والمتباذلين في» «مېنىڭ مۇھەببىتىم مەن ئۈچۈن دوستلاشقان، مەن ئۈچۈن ھەمسۆھبەت بولۇشقان، مەن ئۈچۈن زىيارەت قىلىشقان ۋە مەن ئۈچۈن ئۆزئارا بىر نەرسىلەرنى بېرىشكەن كىشىلەرگە ۋاجىب بولدى»».[1]

نەقىل قىلىنىشىچە، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتىدا يىغلىغاندا، ئۇنىڭدىن: «نېمىگە يىغلايسەن؟» دەپ سورالغان. ئۇ: «مەن ئۆلۈمدىن قورقۇپ يىغلىمىدىم، لېكىن الله يولىدىكى جىھاد ۋە دوستلاردىن

[1] مالىك نەقىل قىلغان. ئىبنى ئابدۇلبەر ۋە باشقىلار «سەھىھ» دېگەن.

ئايرىلىپ قالغانلىقىمغا يىغلىدىم» دېگەن.

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى ھەمراھلارنى ئۇزاتماقچى بولغىنىمدا ئۇلارنىڭ جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ بېرىپ، ئۇلاغلىرىنى تەل قىلىپ بېرىشىم — پەرز ھەجدىن كېيىن ئون قېتىم ھەج قىلىشتىن سۆيۈملۈكتۇر».

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مەن سېنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن. سەن مەندىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسەڭ ياكى مەن سەندىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسەم، چۈشىمىزدە ئۇچراشقان ۋاقىتتا، ماڭا الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشىلىقنى ھاۋالە قىلىشىڭنى الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەن» دېگەن.

شەئبى مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى سەپەردىن كەلگەندە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى».

تەمىيم ئىبنى سەلەمەدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا كەلگەندە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئۇنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇنى سېغىنغانلىقىدىن كۆز يېشى قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى ۋە ئىككىلىسى يىغلىشىپ كەتتى».

ئەبۇ رىجا ئەتاردى مۇنداق دېگەن: «مەن مەدىنىگە كەلگەن ۋاقتىمدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىغا سۆيگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم».

ئەبۇ ھەييان تەمىيمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كىشىلەر ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتتا بىرلا كىيىمنى كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىغاندا: <بۇنى ماڭا سىردىشىم ۋە ھەقىقىي دوستۇم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب كىيگۈزۈپ

قويغان. ئۆمەر الله قا سەمىمىي بولدى، الله مۇ ئۇنىڭغا سەمىمىي بولدى> دېگەن».

مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئىدىم، ئۇ ئارقا تەرىپىمدىن كېلىپ مۇرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەنىدى، مەن: «سەن مېنى الله ئۇچۇن ياخشى كۆرۈپسەن، الله سېنىمۇ ياخشى كۆرسۇن» دېدىم. ئۇ: «ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن> دېمىگەن بولسا، مەن ساڭا بۇنى ئېيتمىغان بولاتتىم» دېدى.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئۆيلەر يىراق بولسىمۇ، كۆڭۈللەر يېقىندۇر، ئاسماندىكى قۇشلارمۇ زېمىندىكى ئۇلپەتدىشىنىڭ يېنىغا چۈشىدۇ».

ئامىر ئىبنى ئابدۇقەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غازاتقا چىققاندا، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىگە ماسلىشىدىغان كىشىلەرنى كۆرسە، ئۇلارغا: «ئى خالايىق! مەن سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ جىھاد قىلىشنى خالايمەن، سىلەر مېنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى قىلىشىمغا قوشۇلامسىلەر؟» دەيتتى. ئۇلار: «قايسى ئۈچ ئىش؟» دەپ سورىسا، ئۇ: «بىرىنچى، مەن سىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلار بولىمەن، ھېچبىرىڭلار خىزمەتكارلىقنى مەندىن تالاشمايسىلەر؛ ئىككىنچى، مەن سىلەرگە مۇئەززىن بولىمەن، ھېچبىرىڭلار مەندىن مۇئەززىنلىكنى تالاشمايسىلەر؛ ئۈچىنچى، قولۇمدىن كېلىشىچە چىقىمىڭلارنى قىلىپ بېرىمەن» دەيتتى. ئەگەر ئۇلار قوشۇلسا، ئۇلارغا قېتىلاتتى؛ ئەگەر بىرەر كىشى يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى تالاشسا، ئۇلارنىڭ يېنىدىن باشقىلارنىڭ يېنىغا كېتىپ قالاتتى.

# تابىئىنلار ۋە سەلەف ـ سالىھلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ نەزىرىدىكى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش

خالىد ئىبنى مەئداننىڭ قىزى دادىسى خالىدتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «دادام ھەرقاچان چۈشلۈك ئارام ئالماقچى بولغاندا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ، ئۇنىڭ مۇھاجىر ۋە ئەنسار ساھابىلىرىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ: <ئۇلار مېنىڭ بارلىقىم، قەلبىم ئۇلارغا تەلپۈنىدۇ، ئۇلارنى ئۇزۇندىن بۇيان سېغىنىماقتىمەن. ئى رەببىم! مېنى تېزرەك قەبزى روھ قىلغىن> دەيتتى ۋە شۇ ھالىتىدە ئۇخلاپ قالاتتى».

مالىك ئىبنى مىغۋەل مۇنداق دېگەن: «تەلھە ئىبنى مۇسەررىف ماڭا: <سەن بىلەن ئۇچرىشىش ھەسەلدىنمۇ شېرىندۇر> دېگەن ئىدى».

سابىتتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، مۇتەررىف مۇنداق دېگەن: «قېرىنداشلىرىم بىلەن ئۇچراشقىنىم بالىلىرىم بىلەن ئۇچراشقىنىمدىن سۆيۈملۈكتۇر. بالىلىرىم <دادا، دادا> دەيدۇ. قېرىنداشلىرىم بولسا مەن ئۆمىد قىلغان ياخشى دۇئالار بىلەن الله قا مېنىڭ ھەققىمدە دۇئا قىلىدۇ>».

ئەييۇب سەختىيانى مۇنداق دېگەن: «قېرىنداشلىرىم بىلەن ئۇچرىشىشىم ھەج قىلىش ئىشتىياقىمنى كۆچەيتىدۇ. چۈنكى، ھەج مەۋسۇمىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشالمايمەن».

سۇفياندىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەبۇ جەئفەر مۇنداق دېگەن: «مەن مەككىگە ئەمىر ئىبنى دىنار ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەير بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈنلا كېلىمەن». ئەبۇ جەئفەر ئۇ ئىككىسىگە پۇل ـ مال، تېرە ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ: «مەن بۇنى سىلەرگە

يىلنىڭ بېشىدىن تارتىپ تەييارلىغان ئىدىم» دېگەن.

يەزىد رەقاشىنىڭ قىزى مۇنداق دېگەن: «ھەسەن بىزنى يوقلاپ كەلگەندە، دادام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى».

ھەمماد ئىبنى زەيد مۇنداق دېگەن: يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئەييۇب سەختىيانى: «سەنسىز ھاياتنىڭ ماڭا لەززىتى يوق» دېگەن ئىدى.

مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىدىن بىر ئادەم ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: <بۇ كىشى مېنى (الله ئۈچۈن) ياخشى كۆرىدۇ> دېگەنىدى، ئۇنىڭدىن: <بۇنى قانداق بىلىسەن؟> دەپ سورىساق، ئۇ: <مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن> دېدى.

ئەييۇب سەختىيانى مۇنداق دېگەن: «سالىھ بىر كىشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىمدا خۇددى ئۆزۈمنىڭ بىر ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ كېتىمەن».

مۇسلىم ئىبنى يەسسار مۇنداق دېگەن: «كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىمدا ئەمەللىرىمنى ئەسلىگەنىدىم، باشقىلارنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرگىنىمدىن باشقا الله قا يارىغۇدەك بىرەر ئەمەل تاپالمىدىم». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتىن باشقا ئەمەللىرىمنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن».

سۇفيان مۇنداق دېگەن: «ئەمەللىرىم ئىچىدە، تەيمىيلىك مۇجەممەئنى ياخشى كۆرگەن ئەمىلىمدەك ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ئارىلىشىپ قالمىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئەمىلىم يوق».

سۇفيان يەنە مۇنداق دېگەن: «تەيمىيلىك ئەبۇ ھەييان تەيمىيلىك مۇجەممەئنى ياخشى كۆرگەن ئەمىلىدىنمۇ ئىشەنچلىك بىر ئەمىلى يوق

ئىكەنلىكىگە بىزگە قەسەم قىلىپ بەرگەن ئىدى».

ئەبۇ ئۇسامە مۇنداق دېگەن: «ئىسمائىل ئىبنى ھەمماد بىزگە: <زۇبەيىد يامىنىڭ بازاردىن كەلگەنلىكىنى كۆرسەم يۈرىكىم ياشىرىپ كېتەتتى> دېگەنىدى».

سۇفيان، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىردىن: «نېمىدىن ئەڭ لەززەتلىنىسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «قېرىنداشلار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇلارنى خۇرسەن قىلىشتىن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىسھاق ئىبنى مۇسلىم ئۇقەيلىدىن: «سەن ئۇچۇن ئەڭ لەززەتلىك ئىش قايسى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزىدىغان قېرىنداش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن سەپەر قىلىدىغان ياخشى ئۇلاغ» دېگەن.

ئەبۇ ئىسھاق فەزارى، فۇزەيل ئىبنى ئىيازنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مۇنۇ بەش نەرسە ساھىبى بەختلىكتۇر: قەلبىي سۇزۇكلۇك، تەقۋالىق، زاھىدلىق، ھايا ۋە ئىلىم».

ھەججاج ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دېگەن: «سەئىد ئىبنى ئىبراھىم تىلغا ئېلىنسىلا، شۇئبە: <جان ـ جىگەر دوستۇم> دەپ ئۇنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

زەينۇل ئابىدىن مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي غېرىبلىق — دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر».

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېگەن: «مەن مۇساۋىر ۋەرراقنىڭ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: <الله ئۇچۇن ياخشى كۆرگەن قېرىنداشىمدىن ھېچنەرسەمنى ئايىمايمەن> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم».

قۇرەيشلىك ئەبباد ئىبنى ۋەلىيد مۇنداق دېگەن: «ئەمىر ئىبنى ئەبىيد قېرىنداشلىرىغا دەرھەم ۋە دىنارلار بىلەن سىلە-رەھىم قىلاتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇچىسىدىكى كىيىمىنىمۇ قېرىنداشلىرىغا سېلىپ بېرەتتى ۋە: <سىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلمايمەن> دەيتتى».

قۇرەيشلىك سەدەقە ئىبنى خالىد، زەجلەدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز ئۇممۇ دەردا بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق، ھىشام ئىبنى ئىسمائىل ئۇنىڭدىن: <ئى ئۇممۇ دەردا! قايسى ئەمەلىڭدىن خاتىرجەمسەن؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال: <الله ئۇچۇن ياخشى كۆرۈش ئەمەلىمدىن> دېدى».

ئىبنى ۋەھىب مۇنداق دېگەن: «مەن بەشىر ئىبنى ھارىسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <يېنىمغا بىر دوستۇم كەلدى. مەندە 20 دەرھەم بار ئىدى، ئۇنىڭغا 19 دەرھەمنى بېرىپ، بىر دەرھەمنى ئۆزۈمگە ئېلىپ قالدىم>».

ئەبۇ جەئفەرنىڭ ئازاد قىلغان دېدىكى سەلما مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ جەئفەرنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە بىز ئۇلارغا ياخشى تاماق بېرىپ، چىرايلىق كىيىم-كېچەكلەرنى كىيگۈزۈپ، كۆپ دەرھەملەرنى بەرمىگۈچە، ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىگە قوشۇلمايتتى. مەن: <بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟> دېسەم، ئۇ: <ئى سەلما! بۇ دۇنيادا تونۇش-بىلىشلىرىم ۋە قېرىنداشلىرىمدىن باشقا يەنە نېمەم بار؟> دەيتتى».

ئەمىر ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دېگەن: يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا تىجارەت كىرىملىرى كەلتۈرۈلگەندە، ئۇ بۇ پۇللارنى ھەميانغا سېلىپ قېرىنداشلىرىغا ئەۋەتىشكە باشلىدى ۋە مۇنداق دېدى: «مەن بىرەر قېرىندىشىمغا جەننەتنى سوراپ دۇئا قىلىپ، دىنار ۋە دەرھەملەر كەلگەندە

ئۇنىڭغا بېخىللىق قىلىشتىن الله تىن ھايا قىلىمەن».

ھەممــاد ئىبنى ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ھەر جۈمە كۈنى بىر تۈركۈم قېرىنداشلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ئېسىل تائاملارنى بېرەتتى ۋە ئۇلارغا خۇشپۇراقلارنى چېچىپ قوياتتى. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىدىن مەسجىدكە باراتتى».

فۇزالە شەھھام مۇنداق دېگەن: «ھەسەننىڭ قېشىغا قېرىنداشلىرى كىرسە، ئۇ يېنىدىكى نەرسىلەرنى ئۇلاردىن ئايىمايتتى. بەزىدە ئۇلارغا: <كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى سېۋەتلەرنى ئېلىڭلار> دەيتتى. ئاندىن قېرىنداشلىرى ھۆل خورما تولدۇرۇلغان سېۋەتلەرنى ئالغاندا، ھەسەن: <بۇنى سىلەرگە ساقلاپ قويغان ئىدىم> دەيتتى».

ئەبۇ سۇلايمان دارانى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر پۈتۈن دۇنيا قولۇمدىكى بىر لوقما تائام بولغان تەقدىردە، يېنىمغا كەلگەن قېرىندىشىمنىڭ ئېغىزىغا ئۇنى سېلىپ قويغان بولاتتىم».

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىمغا يېگۈزگەن بىر لوقما تائامدىن لەززەتلىنىمەن».

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قالغان ئۆمرۈمدە سۆيۈملۈك قېرىندىشىم يۇسۇف ئىبنى ئەسبات بىلەن دىدارلىشىشتىن باشقا، الله ئەززە ۋەجەللەدىن ئۈمىد قىلىدىغان بىر نەرسەم قالمىدى».

## الله ئۈچۈن دوستلاشقانلارنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ساھابىگە قوينىڭ بېشى ھەدىيە قىلىنىدى. ئۇ ساھابە: <پالانى قېرىندىشىم بۇنىڭغا مەندىنمۇ بەك ئېھتىياجلىق> دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئاشۇ قېرىندىشىغا ئەۋەتىپ بەردى. بۇ كىشى ئۇنى يەنە بىر كىشىگە ئەۋەتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، قوينىڭ بېشى يەتتە كىشىدىن ئايلىنىپ، يەنە ئەڭ ئاۋۋالقى كىشىنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى».

«ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى» ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھقا مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش بۇيرۇقى يەتكەندە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ بۇ بۇيرۇقنى جەڭ ئاخىرلاشقۇچە يوشۇردى. ئاندىن كېيىن خالىدنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى خالىد! بۇ كۈنلىرىمىز تولىمۇ قىسقىدۇر. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى مېنىڭ مەسئۇل بولۇشۇمنى توغرا كۆرۈپتۇ، مەن ئۆتكەن كۈنلەردە بۇ ئىشنى سەندىن يوشۇرغان ئىدىم» دېگەندە، خالىد ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ بېشىغا سۆيۈپ: «الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ماڭا بۇرۇنلا ئېيتىۋەرسەڭ بولماسمىدى؟» دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە: «ياق، بىز دېگەن قېرىنداش، مەن ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان ئىشنى قىلدىم» دېدى.

ئەبۇ جەھىم ئىبنى ھۇزەيفە ئەدەۋى مۇنداق دېگەن: «مەن يەرمۇك كۈنى تاغامنىڭ ئوغلىنى ئىزدەپ ماڭدىم. يېنىمدا بىر تۇلۇم سۇ ۋە بىر تال قاچا بار ئىدى. (كۆڭلۈمدە) <ئەگەر ئۇنىڭ تىنىقى بار بولسا، ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزىمەن ۋە يۈزىنى يۇيۇپ قويىمەن> دەپ ئويلاپ مېڭىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن. قېشىغا كەلگىنىمدە ئۇ ئېغىر تىنىۋاتقان

ئىكەن. ئۇنىڭغا: <سۇ ئىچەمسەن؟> دېدىم. ئۇ ئىچىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلدى. تۇيۇقسىز بىر كىشىنىڭ <ئاھ!> دەپ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن تاغامنىڭ ئوغلى سۇنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشىمغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ قېرىندىشى ھىشام ئىبنى ئاس ئىكەن، مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: <سۇ ئىچكىن؟> دېدىم. ئۇ يەنە بىر كىشىنىڭ <ئاھ!> دەپ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ سۇنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشىمغا ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە ئۇ جان ئۈزۈپ بولۇپتۇ. ئاندىن ھىشامنىڭ قېشىغا قايتىپ بارسام ئۇمۇ جان ئۈزۈپ بولۇپتۇ. ئاخىرى تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇمۇ جان ئۈزۈپتۇ».

مۇھەممەد ئىبنى داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ بەكرى قۇرتۇبىنىڭ ۋە ئەبۇ ئەمىر ئەددەمىينىڭ (بۇ ئىككىيلەن الله ئۈچۈن دوستلاشقانلاردىن ئىدى) مۇنداق بىر قىسسىسىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئۇ ئىككىيلەن باغدادتىن كۇفەگە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، يول ئۈستىدە يەرگە چاپلىشىپ ياتقان ئىككى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئەبۇ بەكرى ئەبۇ ئەمىرگە: <مەن سەندىن ياشتا چوڭ، مېنى ئالدىڭدا ماڭغىلى قويغىن. ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بەرسە، ئۇ ئىككىسى مەن بىلەن ھەپىلىشىدۇ-دە، سەن ئۆتۈپ كېتەلەيسەن> دەپتۇ. ئەبۇ ئەمىر ئۇنىڭغا: <ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، بىر ئورۇندا بىللە تۇرايلى، مۇبادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئىككىمىزگە تەڭ بولسۇن> دەپتۇ. ئاندىن ئىككىيلەن يىرتقۇچنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئىككى يىرتقۇچ ئۇلارغا چېقىلماپتۇ ۋە ئۇ ئىككىسى سالامەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ».

مۇتەررىف: «الله ئۈچۈن دوستلاشقان ئىككى كىشىنىڭ ئىچىدە قايسىسى ھەمراھىنى بەك ياخشى كۆرسە، شۇ كىشى ئۇلارنىڭ ئەڭ

ياخشىسىدۇر. مەزئۇر مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇ مەندىن ياخشى» دېگەندە، ئۇنىڭدىن: «بۇنى قانداق بىلدىڭ؟» دەپ سورالغان. ئۇ: «بىر بۆلۈك كىشىلەر شامغا چىقىشقا بۇيرۇلغان ۋاقىتتا مەزئۇرمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدا بار ئىدى. مەزئۇر ماڭا ئۇچراپ قېلىپ ئۇلىغىمنىڭ يۈگىنىنى تۇتتى. مەن كەينىمگە قايتىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئۇ مېنى تۇتۇپ قېلىشقا تىرىشتى. مەن يولنىڭ يىراقلىقىنى باھانە قىلساممۇ، ئۇ يەنىلا مېنى توسۇش نىيىتىدىن يانمىدى. مەن ئاخىرى: <مېنى يولۇمدىن توسماسلىقىڭنى الله نىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنۈپ سورايمەن> دېدىم. بۇ ۋاقىتتا ئۇ: <ئى الله ! سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن قىلدىم> دېدى. ئۇ بۇ سۆزىدە (ئۆزىنىڭ مېنى توختىتىشقا) تىرىشقانلىقىنى مەندىن يوشۇرغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن، مەن ئۇنى ياخشى كۆرگىنىمدىنمۇ بەكرەك ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئۈچ نەپەر كىشى بىلەن بىللە سەپەرگە چىققان بولۇپ، ئۇلار يول ئۇستىدە چۆل ـ جەزىرىدىكى بىر مەسجىدكە كىردى. بۇ ۋاقىتتا ھاۋا بەك سوغۇق بولۇپ، مەسجىدنىڭ ئىشىكىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئىشىك ئورنىدا دالدا بولۇپ تۇردى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭدىن: «ئۇخلىمىدىڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «سىلەرگە سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئىشىكنىڭ ئورنىدا دالدا بولۇپ تۇردۇم» دېدى.

رىياھ ئىبنى جەرراھ ئەبدى مۇنداق دېگەن: «فەتھۇلمۇسلى بىر دوستىنى يوقلاپ كەلگەندە (ئۇنىڭ دوستى ئىسا تەممار دېيىلەتتى) دوستىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمەتچىسىگە: <ماڭا قېرىندىشىمنىڭ ھەميىنىنى ئاچىقىپ بەرگىن> دېدى. خىزمەتچى

ھەمىياننى ئېلىپ چىققاندا، ئۇ ئىككى دەرھەمنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. ئىيسا ئۆيىگە كەلگەندە خىزمەتچى ئۇنىڭغا فەتىھنىڭ كەلگەنلىكى ۋە ئىككى دەرھەم ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىيسا: «ئەگەر راست سۆزلىگەن بولساڭ، سېنى ئازاد قىلىۋەتتىم» دېدى. دەرۋەقە ئىيسا ئۇ خىزمەتچىنىڭ راست ئېيتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەن ئىدى.

سەلەفلەردىن بىر كىشى دوستىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، دوستى ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «كېلىپ قاپسەنغۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇ كىشى: «ماڭا 400 دەرھەم كېرەك بولۇپ قالغان ئىدى» دېگەندە، دوستى ئۆيىدىن دەرھەملەرنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا بېرىپ بولۇپ يىغلىغىنىچە ھويلىغا قايتىپ كىرگەن. ئايالى: «ئۇنى بېرىش ئېغىر كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەب كۆرسەتسىڭىز بولماسمىدى؟» دېگەندە، ئۇ كىشى: «مەن قېرىندىشىمنى يوقلاپ تۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ ماڭا بۇنى دېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا يىغلىدىم» دېگەن.

مەسرۇق كۆپ قەرزدار بولۇپ، ئۇنىڭ قېرىندىشى خەيسەمەمۇ قەرزدار ئىدى. ھالبۇكى، مەسرۇق خەيسەمەگە تۇيدۇرماستىن ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلىۋەتكەن، خەيسەمەمۇ مەسرۇققا تۇيدۇرماستىن ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلىۋەتكەن.

يەزىيدى مۇنداق دېگەن: «مەن خەلىل ئىبنى ئەھمەدنى بىر ئەديالنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقان ھالىتىدە ئۇچراتتىم. ئۇ ماڭا ئورۇن بوشىتىپ بەردى، ئەمما مەن ئۇنى قىستاپ قويۇشنى خالىمىغان ئىدىم. ئۇ: <ئىككى دوستقا يىڭنە تۆشۈكى تارلىق قىلماس، ئاداۋەتلىك ئىككى كىشى دۇنياغا پاتماس> دېدى».

ھەسەن ئىبنى سەھلنىڭ بىر قىرىندىشى ئاغرىپ قالغاندا، ھەسەن ئۇنىڭغا: «ئىككىمىزنى بىر تەندەكلا كۆرىمەن. ئەگەر تەننىڭ بىر ئەزاسىغا ئەلەم يەتسە، باشقا ئەزالىرىمۇ بىئارام بولىدۇ. الله ساڭا شىپالىق بىرىش بىلەن ماڭىمۇ شىپالىق بەرسۇن ۋە ماڭا سەن بىلەن لەززەت ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ بەرسۇن» دەپ خەت يازغان.

ئىبنى مۇنازىر مۇنداق دېگەن: «دوستۇم بىلەن بىللە كېتىپ بارغىنىمدا ئايىغىمنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى، دوستۇممۇ ئايىغىنى سالدى. مەن ئۇنىڭغا: <نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟> دېسەم، ئۇ: <مەنمۇ ساڭا ئوخشاش يالاڭئاياغ ماڭاي> دېدى».

ئەبۇ ھەۋرا بىر دوستىغا مۇنداق خەت يازغان: «الله بىلىدۇكى، سەن كۆڭلۈمگە كېچىپلا قالساڭ، خۇددى مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنى تىلغا ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىسەن. شۇنداقلا، سېنى سېغىنىشىمنى، ساڭا قىيالماسلىقىمنى ۋە قېرىنداشلىقىمىزدىن سۆيۈنۈش تۇيغۇلىرىمنى زىيادە قىلىسەن».

ئەھنەف ئۆزى يالغۇز مەسجىد ئىچىدىكى بىر تۇۋرۇككە يۆلىنىپ ئولتۇرغاندا قېرىنداشلىرىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئولتۇرغان ئورنىنى بوشىتىپ بەرگەن. قېرىندىشى: «ئەبۇ بەھرى! سېنىڭ قېشىڭدا بىرەر ئادەممۇ بولمىسا، يەنە كېلىپ ئولتۇرغان يېرىڭ تارمۇ بولمىسا، نېمىشقا ئولتۇرغان ئورنۇڭنى بوشىتىپ بېرىسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئەھنەف: «سېنىڭ <يوقلاپ كەلگەنلىكىمنى تۇيمىغان ئوخشايدۇ> دەپ ئويلاپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرىدىم ۋە كەلگەنلىكىڭ ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم» دېگەن.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېرىندىشى ھەققىدە مۇنداق مىسرالارنى

قالدۇرغان:

نامایاندۇر جاھان رەڭدار بولۇپ جۇپ كۆز ئۇچۇن زاھىر،
قەلبىنىڭ كۆزلىرى ئاشكار ئېتەر پىنھاننىمۇ بىر-بىر.
خىيالىم سەن بىلەن دائىم، يىراقتۇر ۋە لېكىن جىسمىڭ،
كۆرەر قەلبىم سىمايىڭنى ماكانلار قىلمىغاي تەسىر.

# الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتىكى يارقىن كۆرۈنۈشلەر

مۇھەممەد ئىبنى فۇزەيىل دادىسى فۇزەيلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: ئەبۇ ئىسھاق سەبىيئىينىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ «مېنى تونۇدۇڭمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «سەن فۇزەيىلغۇ؟» دېگەنىدى، مەن: «ھەئە» دېدىم. ئۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر سەندىن ھايا قىلمىغان بولسام، سېنى سۆيۈپ قويغان بولاتتىم» دېدى ـ دە، مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئەبۇ ئەھۋەس ماڭا ئابدۇللاھتىن نەقىل قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ: ﴿لَوْ أَنْفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مَا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ﴾ <سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن الله (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى>[①] دېگەن بۇ ئايەت دوستلاشقۇچىلار ھەققىدە نازىل بولغان دېگەنىدى» دېدى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سەن بىر كىشىنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسەڭ، الله نى ياخشى كۆرگەن بولىسەن؛ ئەگەر ئۇ كىشىنى قەلبىڭدە ئويلىساڭ، ھەقىقي ياخشى كۆرۈلگۈچىنى (الله نى) ئويلىغان بولىسەن؛ سېنىڭ ئۇ كىشىگە بولغان مۇھەببىتىڭ الله قا بولغان مۇھەببىتىڭنى كۈچەيتىدۇ. شۇنداقلا، سەن پەيغەمبەر ﷺ نى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ سالىھ ھەمراھلىرىنى ئەسلەپ ئۇلارنى قەلبىڭدە تەسەۋۋۇر قىلساڭ، بۇ سېنىڭ قەلبىڭنى ئۇلارغا شۇنداق نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغان الله نى ياخشى كۆرۈشكە ئۈندەيدۇ؛ ئەگەر سەن ئۇلارنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسەڭ، الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلگەن ئۇ

[①] سۈرە ئەنفال 63 ـ ئايەت.

كىشىلەر الله نى ياخشى كۆرۈشۈشكە سەۋەب بولىدۇ. قانداق بىر كىشى بىر قېرىندىشىنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، الله ئۇ كىشىنىڭ مەھبۇبى بولىدۇ. ياخشى كۆرۈلگەن قېرىندىشى ئۇنى الله تەرەپكە چاقىرىدۇ. الله ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ھەربىرى الله تەرەپكە يۈزلەنگەن بولىدۇ».

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى بىر نەرسە بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرسە، ئۇ كىشى پەقەت ھەدىيىنىلا ياخشى كۆرگەن بولىدۇ. كىمكى ئۆزىگە بىر نەرسە بەرگەن كىشىنى <الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن> دېسە، بۇ قىپقىزىل يالغانچىلىقتۇر. ئەنە شۇنىڭدەك، كىمكى بىر ئىنساننى ئۆزىگە ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرسە، بۇ كىشى ياردەم بەرگۈچىنى ئەمەس، بەلكى پەقەت ياردەمنىلا ياخشى كۆرگەن بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نەپسى-خاھىشىغا ئەگەشكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە كېلىدىغان پايدا ياكى ئۆزىدىن توسۇپ قېلىنىغان زىياننى بەكرەك ياقتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ كىشى ئۆزىگە ياردەم بەرگەن كىشىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشقا (پايدا ئېلىپ كېلىش ياكى زىياننى توسۇپ قېلىشقا) ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ ھەرگىزمۇ الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ئەمەس، شۇنداقلا ياخشى كۆرۈلگۈچىنى ياخشى كۆرۈشمۇ ئەمەس. ئەپسۇسكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر-بىرىگە بولغان دوستلۇقنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ خىل مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلماقتا. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ خىل دوستلۇقى ئاخىرەتتە ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدۇ ۋە ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ. بۇ خىل دوستلۇق بەزىدە ئىككى يۈزلىمىچىلىك ۋە خۇشامەتچىلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇلار

ئاخىرەتتە بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدىغان ۋە لەنەت ئېيتىشىدىغان دوستلارغا ئايلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاخىرەتتە ئۇلارغا پايدا بېرىدىغان دوستلۇق ـــ يەككە ـ يېگانە الله ئۈچۈنلا بولغان ياخشى كۆرۈشتۇر. كىمكى بىر كىشىدىن ئېرىشىدىغان پايدا ـ مەنپەئەتنى ياكى ئۇنىڭ ياردىمىنى ئۈمىد قىلىپ، ئاندىن ئۇنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلسا، مانا بۇ ـــ قارا كۆڭۈللۈكنىڭ ۋە سۆزدىكى مۇناپىقلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. الله نىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارغا ئوخشاش كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈش كىشىنى الله قا ۋە الله نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتۈرىدۇ، چۈنكى ئۇلار الله نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇناسىپ كىشىلەردۇر. الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بولغاندىلا بەندىگە مەنپەئەت بېرىدۇ».

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: [ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «والذي نفسي بيده لا يؤمن أحدكم حتى يحب لأخيه ما يحب لنفسه» «جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (كامىل) مۇئمىن بولالمايدۇ».[1]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّ مِنكُمْ لَمَن لَّيُبَطِّئَنَّ فَإِنْ أَصَابَتْكُم مُّصِيبَةٌ قَالَ قَدْ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيَّ إِذْ لَمْ أَكُن مَّعَهُمْ شَهِيدًا ۞ وَلَئِنْ أَصَابَكُمْ فَضْلٌ مِّنَ اللَّهِ لَيَقُولَنَّ كَأَن لَّمْ تَكُن بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُ مَوَدَّةٌ يَا لَيْتَنِي كُنتُ مَعَهُمْ فَأَفُوزَ فَوْزًا عَظِيمًا ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) بار، ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت (يەنى مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنلىق) كەلسە، (ئۇ مۇناپىق) <الله ماڭا ھەقىقەتەن مەرھەمەت قىلدى، چۈنكى مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولمىدىم (بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم)> دەيدۇ [72]. ئەگەر سىلەرگە اللە نىڭ پەزلى (يەنى غەلىبە ۋە غەنىيمەت) يەتسە، گويا سىلەر بىلەن ئۇ (يەنى مۇناپىق) نىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق دوستلۇق يوقتەك، <كاشكى مەن (ئۇرۇشتا) ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە (يەنى غەنىيمەتتىن زور نېسىۋىگە) ئېرىشكەن بولاتتىم> دەيدۇ [73]»①.

ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار ئۆزلىرىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى مۆئمىن قېرىنداشلىرىغا ياخشى كۆرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەتتىن ئۆزلىرىنىڭ ئامان قالغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ. مۆئمىنلەرگە بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار مۆئمىنلەرگە يەتكەن ياخشىلىقتىن خۇشال بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىگە غەنىيمەتلەردىن بىرەر ئۈلۈش بېرىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

دېمەك، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە كېلىدىغان مال-دۇنيا سەۋەبلىك ياكى ئۆزلىرى ئامان قالىدىغان يامانلىقلار سەۋەبلىك خۇشال بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار اللە نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى، شۇنداقلا ئاخىرەت دىيارىنى ئۈمىد قىلمايدۇ.

ئەگەر ئۇلار اللە نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرگەن بولسا، مۆئمىن قېرىنداشلىرىنى ۋە اللە نىڭ پەزلى بىلەن مۆئمىنلەر ئېرىشكەن نېئمەتنى ياخشى كۆرگەن بولاتتى، ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئۈچۈن قايغۇراتتى. كىمكى مۆئمىنلەر خۇشاللانغان نەرسە بىلەن خۇشال بولمىسا، يەتكەن مۇسىبىتى ئۈچۈن قايغۇرمىسا، ئۇ كىشى مۆئمىن ئەمەس.

ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

① سۈرە نىسا 72-، 73- ئايەت.

نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مثل المؤمنين في توادهم وتراحمهم وتعاطفهم مثل الجسد الواحد إذا اشتكى منه عضو تداعى له سائر الجسد بالحمى والسهر» «مۇئمىنلەر بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش، بىر-بىرىگە مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈش ۋە ھېسداشلىق قىلىشتا خۇددى بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇكى، بەدەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، باشقا پۈتۈن ئەزالار بىئارام بولۇپ، ئۇيقۇسىز قالىدۇ».①

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹المؤمن للمؤمن كالبنيان يشد بعضه بعضا، وشبك بين أصابعه› ‹مۇئمىن مۇئمىنگە نىسبەتەن بىر-بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ› دەپ بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتتى»②].③

ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، قېرىنداشلىق رىشتىسى قانچە كۈچەيسە، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى پىداكارلىق ۋە قۇربان بېرىش روھى شۇنچە كۈچىيىدۇ».

غەززالى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، دوستلىشىش گۈزەل ئەخلاقنىڭ، بۆلۈنمىچىلىك ناچار ئىللەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. خۇددى مېۋىلىك دەرەخ قانچە كۆپ مېۋە بەرسە، شۇنچە ئەتىۋارلانغاندەك، گۈزەل ئەخلاق ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكە، ئۈلپەتلىشىشكە ۋە ئۆم-ئىناقلىققا تۈرتكە بولىدۇ؛ يامان ئىللەت ئۆزئارا ئاداۋەت، ھەسەت ۋە دۈشمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ».

غەززالى رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «الله ئۈچۈن دوستلاشقان ئىككى دوستنىڭ بىرىنىڭ جەننەتتىكى ئورنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىدىن

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ ئىبنى تەيمىيەنىڭ «أمراض القلوب و شفاؤها» ناملىق كىتابى 1- توم 22- ۋە 23- بەتلەر.

يۈقىرى بولسا، تۆۋەن ئورۇندىكى دوست يۇقىرى ئورۇندىكى دوستىغا ئوخشاش ئورۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خۇددى باللار ئاتا-ئانىسىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ بەزىسى-بەزىسىگە قوشۇلغاندەك قوشۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، <قېرىنداشلىق الله ئۈچۈن قۇرۇلغان ۋاقىتتا، نەسەب قېرىنداشلىقى بىلەن باراۋەر بولىدۇ> دېيىلگەن».

ئىبنى ئەجىيبە مۇنداق دېگەن: «الله ئۈچۈنلا بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن باشقا بارچە دوستلۇق ۋە ھەمراھلىق مۇناسىۋەتلىرى قىيامەت كۈنى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ ۋە ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ».

بەغەۋى رەھىمەھۇللاھ ﴿أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «راستلا الله نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر»[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: مۇپەسسىرلەر بۇ نامغا لايىق بولغان كىشى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلاردا بولغان بولۇپ، بەزى تەپسىرشۇناسلار ئۇلارنى الله تائالا كېيىنكى ئايەتتە سۈپەتلىگەن ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَكَانُوا يَتَّقُونَ﴾ «ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر»[2] دېگەن كىشىلەر دەپ قارىغان؛ يەنە بەزى تەپسىرشۇناسلار: «ئۇلار الله ئۈچۈن دوستلاشقانلاردۇر» دېگەن.

يەھيا ئىبنى سەئىد مەسمەئى مۇنداق دېگەن: ﴿فَمَا لَنَا مِنْ شَافِعِينَ ۞ وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٍ ۞﴾ «شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق [100] ۋە يېقىن دوستمۇ يوق [101]»[3] دېگەن ئايەت تىلاۋەت قىلىنسا، قەتادە: «الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سالىھ دوستلارنىڭ قىيامەتتە ئۆزئارا مەنپەئەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ» دەيتتى.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 62- ئايەت

[2] سۈرە يۇنۇس 63- ئايەت.

[3] سۈرە شۇئەرا 100- ۋە 101- ئايەت.

فەخرۇر رازى مۇنداق دېگەن: «ئەمما، ئۇلارنىڭ ﴿فَمَا لَنَا مِنْ شَافِعِينَ﴾ <شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، <مۇئمىنلەر ئۈچۈن پەرىشتىلەر ۋە پەيغەمبەرلەردىن شاپائەتچىلەر بار>. ئۇلارنىڭ ﴿وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٍ﴾ <ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، <مۇئمىنلەرنىڭ دوستلىرى بار>، ئاخىرەتتە پەقەت مۇئمىنلەرلا دوستلىشىدۇ. ئەمما، دوزاخ ئەھلىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش ۋە نەپرەتلىنىشلا مەۋجۇد بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْأَخِلَّاءُ يَوْمَئِذٍ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا الْمُتَّقِينَ﴾ <بۇ كۈندە دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر)>[1]».

ئىبنى ئەجىيبە دوستنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «دوست — سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان، قايغۇ ۋە شادلىقىڭغا ئورتاقلىشالايدىغان كىشىدۇر».

قۇشەيرى مۇنداق دېگەن: «نەقىللەردىن ئايان بولۇشىچە، قىيامەت كۈنى بىر بەندە كەلتۈرۈلۈپ ھېساب ئېلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقى بىلەن يامانلىقى باراۋەر بولۇپ قېلىپ، دەۋالاشقۇچى ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ كېتىدىغان بىر ياخشىلىققا موھتاج بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا: <ئى بەندەم! سېنىڭ بىر ياخشىلىقىڭ بارمۇ؟ ئەگەر بىر ياخشىلىقىڭ بولسا، مەن سېنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن. ئۇبدان ئويلانغىن ۋە كىشىلەردىن سوراپ باققىن. ئۇمىدكى، بىرەر كىشى ساڭا بىر ياخشى ئەمەلىنى بېرىپ قېلىشى مۇمكىن> دەيدۇ. ئاندىن ھېلىقى بەندە سەپلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ دادىسىدىن، ئانىسىدىن، ھەمراھلىرىدىن

[1] سۇرە زۇخرۇف 67- ئايەت.

سوراپ، ھەربىرىگە ئۆزىنىڭ ئىشى توغرىسىدا سۆز قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچبىر كىشى ياخشىلىقىنى بەرمەيدۇ. ھەربىرى ئۇنىڭغا: <مەن بۈگۈن (كىچىككىنە) بىر ياخشىلىققىمۇ موھتاجمەن> دەيدۇ. ئاندىن ھېلىقى بەندە ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ. الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا: <نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟> دەپ سورايدۇ. ئۇ بەندە: <ئى رەببىم! ھېچبىر كىشى بىرەر ياخشىلىقىنىمۇ ماڭا بەرمىدى> دەيدۇ. الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا: <ئى بەندەم! سېنىڭ مەن ئۈچۈن دوستلاشقان بىرەر دوستۇڭ يوقمۇ؟> دەپ سورايدۇ، ھېلىقى بەندە ئەسلەپ: <پالانى مېنىڭ دوستۇم ئىدى> دەيدۇ. ئاندىن الله ئۇ بەندىگە ئۇ دوستىنى ئىزدەشنى ئىلھام قىلىدۇ. ھېلىقى بەندە دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىشى توغرىسىدا سۆز قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى: <شۇنداق (سەن مېنىڭ دوستۇم)، مېنىڭ كۆپ ئەمەللىرىم بار. الله بۈگۈن ئۇنى قوبۇل قىلدى. مەن ساڭا ئۇنىڭدىن بەردىم> دەيدۇ. بۇ بەندە قايتىپ ئۆز ئورنىغا كېلىدۇ ۋە ئۇنى رەببىگە ئېيتىدۇ. ئاندىن الله تائالا: <مەن ئۇنى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلدىم، لېكىن ئۇنىڭ ھەققىدىن ھېچبىر نەرسىنى كېمەيتمەيمەن. مەن سېنى ۋە ئۇنى مەغپىرەت قىلدىم> دەيدۇ. مانا بۇ بولسا الله نىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر: ﴿فَمَا لَنَا مِنْ شَافِعِينَ ۞ وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٍ ۞﴾ <شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق [100] ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق [101]>①».

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھتىن الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش توغرىلىق سورالغاندا، ئۇ: «بىراۋنى دۇنياسىنى تەمە قىلىپ ياخشى كۆرمەسلىكىڭ» دېگەن.

ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دېگەن: «قەلبنى ئاداۋەت، ھەسەت، تەكەببۇرلۇق

① سۈرە شۇئەرا 100 ـ ۋە 101ـ ئايەت.

ئىللەتلىرى چىرمىۋالسا، قەلب ساغلام بولالمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرۈشنى كامىل ئىماننىڭ شەرتى سۈپىتىدە بايان قىلغان».

سەئىد قۇتۇب رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەمەلىيەتتە، الله ئۈچۈن دوستلىشىش ئاجايىب بىر ئەقىدىدۇر. بۇ ئەقىدە قەلبكە يەرلەشكەندە، قېتىپ كەتكەن قەلبنى يۇمشىتىدىغان، چاكقاق دىللارنى سۇغىرىدىغان، بىر-بىرىنى مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر بىر رىشتە بىلەن باغلايدىغان دوستلۇق، قېرىنداشلىق ۋە قەلب سۆيگۈلىرىنىڭ بىرىكمىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۆزنىڭ كۆرۈشى، قولنىڭ تۇتۇشى، تىلنىڭ سۆزى ۋە يۈرەكنىڭ سوقۇشلىرى ئۆزئارا تونۇشقانلىقتىن، بۇلار ھېسداشلىق قىلىش، دوست تۇتۇش، ياردەم بېرىش، كەڭ قورساقلىق ۋە رەھىمدىللىكتىن دېرەك بېرىدىغان ساداغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ سىرىنى پەقەت بۇ قەلبلەرنى بىرلەشتۈرگەن زاتلا بىلىدۇ، بۇنىڭ لەززىتىنى پەقەت شۇ قەلبلەرلا تېتىيالايدۇ. مانا بۇ ئەقىدە ئىنسانىيەتنى الله ئۈچۈن دوستلىشىش نىداسى بىلەن چاقىرىدۇ. دوستلۇقتا سەمىمىي بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇجەسسەملىشىش مېلودىيىلىرى بۇ خىل دوستلۇق رىشتىسىنىڭ تارىلىرىنى چېكىدۇ. قەلب مانا بۇ نىداغا ئۆزىنى تەسەددۇق قىلغاندا، سىرىنى الله تىن باشقىسى بىلمەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسى قادىر بولالمايدىغان مۆجىزىلەر يۈز بېرىدۇ».[1]

[1] «في ظلال القران» 3- توم 1548- بەت.

## مۇجاھىدلار ئارىسىدىكى مەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش نەمۇنىلىرى

شەھىد شەيخ ئەبۇ لەيس لىبىي ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق جىھاد ھاياتىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ باشقا كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر تۈپەيدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ياخشى كۆرۈش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مۇبادا الله يولىدىكى ئىككى قېرىنداشنىڭ بىرى ئۆلتۈرۈلسە، يەنە بىرىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ». مەلۇم شائىرنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرى مۇشۇ مەنىنى تېخىمۇ ئوچۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ:

ئەھدىسىگە ۋاپا ئەيلەپ، ئۆلۇم تامان كۈلۈپ باققان،
ۋاپادار دوست بۇرادەرلەر، قەلبلەرگە سالار ھىجران.

ئابدۇسالام تۈركىستانى شەھىد قىلىنغاندا شەيخ ئەبۇ لەيس ئۇنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئىنتايىن قايغۇرغانىدى. ئابدۇسالام شەھىد قىلىنىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن شەيخ چۈشىدە ئابدۇسالامنىڭ دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن شەيخ ئەبۇ لەيس (چۈشىدە) ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن، سەن جەننەتتە ئەمەسمىدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ئابدۇسالام: «شۇنداق (مەن جەننەتتە ئىدىم)، لېكىن مەن سېنىڭ يېنىمىزغا كېلىدىغانلىقىڭنى ئاڭلاپ ئالدىڭغا كۈتۈۋالغىلى چۈشتۇم» دەپتۇ. مانا بۇ چۈش شەيخنىڭ شاھادىتىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىغا بېشارەت بولغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شەيخ بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەھىد قىلىندى.

شەيخ ئەبۇ لەيس رەھىمەھۇللاھنىڭ كونىيىتى «شاكىر» ئىدى. ئۇ

شەھىد قىلىنغاندىن كېيىن قېرىندىشىمىز بەتتار ئىماراتى بۇ كونىيەتنى قوللاندى ۋە ھەمزە دەرناۋىيغا: «شەيخ ئەبۇ لەيس <دوستلاشقانلار بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن شەھىد قىلىنىدۇ> دېمىگەنمىدى؟» دېدى. ھەمزە دەرناۋىي ئۇنىڭغا: «ھەئە، شۇنداق دېگەن» دېدى. ئۇ: «ئۇنداقتا ھازىر مېنىڭ نۆۋىتىمكەن» دېدى. (يەنى ئۇنىڭ سۆيۈملۈك دوستى ئەبۇ لەيس شەھىد قىلىنغاندىن كېيىن) ئۇ شەيختىن كېيىن شەھىد قىلىنغان تۇنجى كىشى بولدى (الله ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!). ئۇنىڭدىن كېيىن ئافغانلىق بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز بۇ كونىيەتنى قوللاندى. بەتتار ئىماراتىدىن كېيىن ئۇمۇ شەھىد قىلىندى.

قېرىندىشىمىز ھەمزە دەرناۋىي ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: كۇۋەيتلىك قېرىندىشىمىز سۇراقە رەھىمەھۇللاھ شەھىد قىلىنغاندا ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ئەسلەندى. ئابدەلى سۇراقەنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. مەن: «مۇجاھىدلار ئېلىپ بارىدىغان ھەربىر جەڭ ئەمەلىيەتلىرىدە سۇراقە بولمىسا، ئابدەلى قانداق تۇيغۇدا بولار؟» دېدىم. ئاندىن بىز مىسىرلىق شەيخ ئېھسانۇللاھنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن مۇجاھىدلارنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سورىدۇق. ئۇ مۇستافا ئەبۇ يەزىدنىڭ شەھىدلىكىدىن قاتتىق قايغۇرغان بولۇپ، «مەن ھازىر يېتىمدەكلا بولۇپ قالدىم» دەيتتى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ئافغانلىق قېرىندىشىمىز ئىقبالنىڭ ۋە ئابدەلىنىڭ شەھىد قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئالدى. مەن: «سۇبھانەللاھ، ئى ھەمزە! شەيخ ئەبۇ لەيس <دوستلاشقانلار بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن شەھىد قىلىنىدۇ> دېگەنتى-ھە!؟» دېدىم.

شەيخ ئېھسان ھەمزىدىن: «الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، شەيخ ئەبۇ لەيس ئاشۇنداق دېگەنمىدى؟» دەپ سورىغانىدى، قېرىندىشىمىز

ھەمزە: «ھەئە، شۇنداق دېگەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن شەيخ خۇشال بولۇپ، يۈزى نۇرلىنىپ كەتتى ۋە: «بۇ مەن ئاڭلىغان ئەڭ كاتتا بېشارەت، اللّٰه نى گۇۋاھ قىلىپ ئېيتىمەنكى، مەن ھافىز مۇستافا ئەبۇ يەزىدنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. ئۇ يەنە: «سىلەر بۇگۈندىن كېيىن مېنى بۇنداق خۇرسەنلىك ھالىتىمدە كۆرەلمەيسىلەر» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە شەيخ ئېھسان شەيخ مۇستافا شەھىد قىلىنىپ، 15 كۈندىن كېيىن شەھىد قىلىندى.

ھەمزە مۇنداق دېگەن: «سۇبھانەللاھ! ئۇ شەھىد قىلىنغان ئورۇنغا يېقىنلا يەردە مەنمۇ بار ئىدىم. ئۇنىڭ پاك تېنىدىن ئىپارنىڭ پۇرىقى تارقىلىپ، يۈزىدە كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بىز ئۇنى شۇنداق ئويلايمىز. اللّٰه نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل!».

شەھىد شائىر ھافىز ئەبۇ راۋاھە ئابدۇللاھ شەھرىمۇ ئەنە شۇنداق كىشىلەردىندۇر. نەجدىيلىك پىدائىي ئەبۇ جۇد شەھىد قىلىنغاندا ئەبۇ راۋاھە ئۇنىڭغا قاتتىق قايغۇردى. چۈنكى، ئەبۇ راۋاھە ئۇنىڭ ھەمراھى ۋە سىرداشى ئىدى. كېيىن ئەبۇ راۋاھەمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭغا قوشۇلدى.

پاكىستانلىق شەھىد ھافىز مۇنزىر. ئۇنىڭ خوستىيلىك دوستى پىدائىي جەئفەر شەھىد بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈلكىسى ۋە چاقچاقلىرى غايىب بولغان بولۇپ، كەم سۆز ۋە چىرايى سولغۇن بولۇپ قالغان ئىدى. مۇنزىر ئافغانىستاننىڭ خوست ۋىلايىتىگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ماڭغان سەپىرىدە بىزگە: «مەن اللّٰه خالىسا ھەرگىز قايتىپ كەلمەيمەن، جەئفەرنىڭ قېشىغا كېتىمەن» دېگەنىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى جەئفەرگە مۇنداق دەيتتى:

سېغىنىش ئۆرتەيدۇ جاننى، يوقتۇر ھالاۋەت سەن كېتىپ،
تەمى يوق تۇزسىز ھاياتتا بەردىڭ زىيابەت سەن كېتىپ.

ئەمەلىيەتتە، بىر قانچە كۈندىن كېيىن بىزگە مۇنزىرىنىڭ ئۈچ قېرىندىشى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ ۋە ئارقىسىنى قىلمىغان ھالدا شەھىد قىلىنغانلىق خەۋىرى يەتتى. بىز ئۇلارنى شۇنداق ئويلايمىز، الله ئەڭ ياخشى ۋەكىل، الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!

دىلى يۇمشاق شەھىد قېرىندىشىمىز ئەبۇ ئائىشە شامىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا دوستى ئابدۇراھمان شامىنىڭ پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى قىلغانلىق خەۋىرى يەتكەندە يىغلاپ تاشلىدى ۋە كۆپ تەسىرلەندى. بىز ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدۇق. ئەبۇ ئائىشە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئامېرىكا سەلىب كۈچلىرى بىلەن بولغان گىرەلەشمە جەڭدە شەھىد قىلىنىپ، قېرىندىشى ئابدۇراھمانغا قوشۇلدى.

شەھىد زۇبەير شەرقىي بىلەن «كرېست بەلگىسىنى» سۇندۇرغۇچى دەپ ناملانغان شەھىد ھەنزەلە مۇھەممەدنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق دوستلۇق بار ئىدى. زۇبەير ھەنزەلەنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ھەتتا ھەنزەلە يوق سورۇندا ئولتۇرۇشنىمۇ خالىمايتتى. خۇددى زۇبەير ھەنزەلەگە خىتاب قىلىپ، مۇنداق دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئەگەر سەن بولمىساڭ نۇرسىز، قاباھەتتۇر يورۇق دۇنيا،
سېنىڭ بىرلە كۈلەر ئالەم، ھاياتلىق چىن تاپۇر مەنا.

شەيخ ئەبۇ لەيس ئېيتقاندەك، زۇبەير شەرقىيمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەھىد قىلىنىپ، قېرىندىشى ھەنزەلەگە قوشۇلدى.

شەھىد ئەبۇ سابىت مەشئەل زۇفەيرىنىڭ يەنە بىر قىسسى بار. ئەبۇ سابىت شەيخ ئابدۇللاھ سەئىدكە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئىلگىرى سەن بىزگە جىھادتىكى ئەڭ مۇشەققەتلىك ئىشنىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىڭ. ھازىر ماڭا ھەمراھىم

ئابدۇراھماندىن ئايرىلىش بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ كۆرۈشكۈم بار. مېنى ئۇنىڭ قېشىغا يەتكۈزۈپ قويالامسەن؟» دېگەندە، شەيخ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان. ئەبۇ سابىت ئابدۇراھمان بىلەن ئۇچرىشىشقا ماڭغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھالىتى مۇنداق دەيتتى:

چۈلغىدى قەلبىمنى ھىجران، ئەسىر ئالدى ئىشتىياق،
بولسا گەر جۇپ قاناتىم، سەن تامان ئۇچسام يىراق.

لېكىن ئەبۇ سابىت ئابدۇراھمان بىلەن ئۇچراشقىلى كېتىۋېتىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ شاھادەتكە ئېرىشكەن. ئابدۇراھمان ۋەقەنى ئاڭلاپ شەھىدلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن سۆيۈملۈك دوستى ئەبۇ سابىتقا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالغان.

ئەبۇ زەمزەم ۋە ئەبۇ ئابباس ئىككىسى خۇراسان زېمىنىدا الله ئۈچۈن دوستلاشقان قېرىنداشلار ئىدى. ئەبۇ زەمزەم يىراق ئالدىنقى سەپلەرنىڭ بىرىگە كەتكەندە، ئەبۇ ئابباس ئۇنىڭ مەۋجۇد بولۇشى بىلەن دۇنيا شېرىن بىلىنگەن سۆيۈملۈك قېرىندىشىدىن ئايرىلغانلىقىغا قايغۇردى. ئەبۇ زەمزەم قايتىپ كەلگەندە، ئەبۇ ئابباس ئەبۇ زەمزەمگە: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭ سالامەت كەلگەنلىكىڭدىن بەكلا خۇشال بولدۇم. بولۇپمۇ بىز نەجدىيلىك ئەبۇ بەشىردىن (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئايرىلغان بۇ ئەلەملىك ۋاقىتتا، قەلبىمدىكى ئورنى يۇقىرى بولغان دوكتۇر ئەبۇ ئابدۇراھمان، ئەبۇ تاييىب مۇتايرى، بەتتار تائىفى ۋە ئەبۇ بەشىر نەجدى قاتارلىق كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلغانلىقىمغا قاتتىق قايغۇردۇم. الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلسۇن! ماڭا الله تىن باشقا پەقەت سەنلا قېلىپ قالدىڭ» دەپ خەت

يازدى.

ئاندىن بۇ ئىككىسى قايتا يۈز كۆرۈشتى ۋە دوستلۇقى تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بۇ ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا شەھىد قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ پارچىلانغان ئەزالىرى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىندى (الله بۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!).

ئەبۇ مىھجەن مەھمۇد مەرۋانى، ئەبۇ ئۇبەيدە ۋەلىيد ھەربىي، ئەبۇ ھاجەر مۇھەممەد ئۇتەيبى ۋە ئەبۇ ئابدۇراھمان نەھدى. بۇلار الله ئۈچۈن دوستلاشقان قېرىنداشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ قېرىنداشلىقى جىھاد مەيدانلىرىدا تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ سۈرىتىنى تاپسىڭىز، يەنە بىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇرغانلىقىنى بايقايسىز. ئۇلارنىڭ بىرىنى سورىسىڭىز، ئۇ پالانى ۋە پالانى بىلەن بىللە دېگەن جاۋابنى ئالىسىز.

ھىجرىيە 1431- يىلى ئەراپات كۈنىدە ئۇلار ئادىتى بويىچە قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇربان ھېيت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلىشتى. بىراق، الله تائالا ئۇلارنىڭ ھېيتىنىڭ بۇ دۇنيادا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان الله تىن ئارزۇ قىلىپ تىلىگەن مەڭگۈلۈك ماكانلاردا بولۇشىنى تەقدىر قىلغان ئىدى. الله تائالا ئۇلارنى ھاۋا بومباردىمانىدا شەھىدلىك بىلەن ھۆرمەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا يىغىلىشى ئاخىرەت يىغىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى (بىز ئۇلارنى شۇنداق ئويلايمىز. الله ئەڭ ياخشى ھامىيدۇر).

بىز شەيخ ئەتىيەتۇللاھ لىبىي رەھىمەھۇللاھ بىلەن ئالدىنقى سەپلەرنىڭ بىرىدە ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، دۈشمەنلەر بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز بەك يېقىن بولۇپ، بومبىلار ئالدىمىزغىلا چۈشۈۋاتاتتى. قېرىنداشلار

(مەككىلىك ئەبۇ ئەززام ئىسمائىل ئۆلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى) كىچىك تۆمۈر پارچىلىرىنىڭ شەيخكە تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئېغىر بىر بورىنى ئېلىپ، شەيخنىڭ ئالدىدا بۇ توسۇقنى چىڭ تۇتقان ھالدا تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى شەيخىمىزگە پىدا قىلىشتى. گوياكى ئۇلار «تۆمۈر پارچىلىرى بىزنىڭ بەدەنلىرىمىزگە سانجىلىپ، شەيخىمىزگە تەگمىسۇن» دەۋاتقاندەك ئىدى. بىز شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى جەملەپ ئوقۇماقچى بولۇپ، شام نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا شەيخ ئۇلاردىن بۇنداق قىلماسلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. بىراق ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىماي تاكى بىز خۇپتەن نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە شۇ ھالىتىدە تۇرۇۋەردى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى مۇنۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەندەك ئىدى:

تۇرار بالقىپ ۋۇجۇدۇڭدىن پەزىلەت نۇرلىرى ھەر ئان،
تەسەددۇقتۇر ئەزىز جانلار ساڭا ئەي بىباھا ئىنسان.

شەيخ ئەتيەتۇللاھقا جانلىرىمىز قانداقمۇ تەسەددۇق بولمىسۇن؟! ئۇ پەزىلەتلىك ئالىم، ئەمەل قىلغۇچى مۇجاھىد، ياخشى ئەمىر، يارامىلىق ئەسكەر، سەمىمىي قېرىنداش، مېھرىبان ئاتا ۋە كۆيۈمچان نەسىھەتچى ئىدى.

شەيخ بىلەن بىر يەرگە جەم بولغان ئاشۇ بىر كۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل كۈنلەر ئىدى. مەن شەيختىن كۆپلىگەن مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم ۋە ئۆگەندىم. شەيخ كىشىنىڭ قەلبىنى خۇرسەنلىككە تولدۇرۇپ، غەملەردىن خالاس قىلاتتى. مەن شەيختىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ماڭا: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن سەندىن ئوغلۇمدىنمۇ بەك ئەنسىرەيمەن» دېگەنىدى.

گېرمانىيىلىك ئەبۇ تەلھە پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىنى ئىجرا

قىلىشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى، مەن شەيخ بىلەن بىرگە ئۇنى يوقلىغىلى باردىم. شەيخ ئەتىيەتۇللاھ ئەبۇ تەلھەنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى (الله ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!). بىز بىللە ئولتۇرغاندا شەيخ ماڭا: «ئى ئەبۇ ھەسەن! سەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش كېتىۋەرگىن، پەقەت سەنلا قېلىپ قالغان ئىدىڭ» دېدى. شەيخ ئۇ ۋاقىتتا ئەبۇ تەلھەدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ غەمكىن ئىدى. مەن ئەبۇ تەلھە شەھىد بولۇشتىن بىرئاز ئىلگىرى ئۇنىڭ شەيخكە ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! مەن سىزنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن. سىز بىلەن بىرگە تۇرغان ۋاقىتلىرىم ھاياتىمدىكى ئەڭ مەنىلىك ۋاقىتلار ئىدى. مېنى توغرا چۈشەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن الله سىزنى كۆپ ياخشىلىقلار بىلەن مۇكاپاتلىسۇن. سىزدەك پەزىلەتلىك كىشىلەر بىلەن تونۇشقانلىقىم — الله نىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېئمىتى ۋە مەن ئۈچۈن كاتتا شان ـ شەرەپتۇر. شۇنداق، سىزدىن ئايرىلىش ماڭا بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ. مەن سىز بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا شۇنچىلىك ئۇرۇندۇم، لېكىن قەيەرگە قاچىمەن؟ ئەگەر دۇنيادىكى ياخشى كۆرۈش بۇنداق بولسا، ئۇنداقتا جەننەتتىكى تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشۇش قانچىلىك لەززەتلىك بولار ـ ھە؟!».

ئەبۇ بەرا كوردى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!). بۇ كىشى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتە سادىق بولغان كىشىدۇر. رامىزان ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتلىرىمىز ئىدى. ئۇلارنىڭ مەركىزى بىزنىڭ مەركىزىمىزدىن تەخمىنەن بىر سائەتلىك مۇساپە بولۇپ، بىر كۈنى ئۇنىڭدىن مۇخابىرات (سىمسىز ئالاقە ئاپپاراتى) ئارقىلىق مەلۇم يېمەكلىكنىڭ پىشۇرۇش ئۇسۇلىنى

سورىدىم. ئۇ خىل يېمەكلىك بىزنىڭ قېشىمىزدا يوق بولۇپ، ئەبۇ بەرا ئۇنى ياخشى پىشۇرالايتتى. لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ يېمەكلىكنى پىشۇرۇش ئويۇم يوق ئىدى. ئۇ تەخمىنەن ئىپتاردىن بىر يېرىم سائەت ئىلگىرى ئەبۇ ھاجەر ئوردۇنى بىلەن بىللە شۇ يېمەكلىكنى كۆتۈرگەن ھالەتتە قېشىمىزغا كەلدى. ئەڭ ھەيران بولغىنىم شۇكى، ئۇ ئاشۇ يېمەكلىكنى يېگۈم كېلىپ تۇرغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئېلىپ كەلگەنىدى. گەرچە بۇ رامىزان ئايلىرىدا ئۇلار روزا تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن يېمەكلىكنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تاۋاقتا سېلىنغان يېمەكلىكنى ناھايىتى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، تاغلار ئارىسىدىكى ئېگىز-پەس يوللاردا مېڭىپ كەپتۇ. كېيىن بۇ ئىككىيلەن يەنە شۇ يول بىلەن مەركىزىگە قايتىپ كەتتى. سىز بۇنىڭ باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىش ۋە كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى ئىكەنلىكىنى بايقىيالايسىز.

ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر دادىڭىز ياكى ئانىڭىز ۋە ياكى بىرەر قېرىندىشىڭىز ئىپتاردىن بىر ئاز ئىلگىرى سىزدىن ماشىنا بىلەن ماڭىدىغان بىر سائەتلىك مۇساپىدىن كېلىشىڭىزنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ئىش سىزگە قانچىلىك ئېغىر تۇيۇلار!؟ سىز بۇنى ئويلىنىپ بېقىڭ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پىيادە مېڭىپ كەپتۇ. تاغدا پىيادە مېڭىپ باققان كىشى تاغدا مېڭىشنىڭ قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. الله ئەبۇ بەراغا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇنى ئالىي فىردەۋس جەننىتىگە ئورۇنلاشتۇرسۇن!

مەن بۇ قۇرلارنى ئاشۇ ئەزىز قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمغا قايغۇرۇش ئىچىدە كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي ۋاتقان ھالەتتە

يېزىۋاتىمەن. بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

بىزنىڭ چىن دوستىمىز ھەنزەلە نەجدى (الله ئۇنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن!) شەيخ ئەبۇ لەيسنىڭ ئەبۇ بەكرى ئەنسارىنى (الله ئۇنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن!) تىلغا ئېلىپ، ئۇنى داۋاملىق ماختايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. شەيخ ئەبۇ لەيس ئەبۇ بەكرى توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ بەكرى كۆپ ئىش قىلمايتتى، لېكىن ياتاقتا كىرسە ياتاقنىڭ بۇلۇڭىدا قېرىنداشلىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئورنىدىن تۇرسا، ئۇ تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ قېرىندىشىغا ئايىغىنى تەييارلاپ بېرىش ئۈچۈن، ئىشىك يېنىغا ئۇنىڭدىن بۇرۇن باراتتى. ئەگەر قېرىندىشىنىڭ سۇ ئىچمەكچى بولغانلىقىنى بايقىسا، ئۇنىڭغا بىر قاچا سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تېزلىكتە ئورنىدىن تۇراتتى. يەنە شۇنىڭدەك، ئەگەر قېرىندىشى تاھارەت ئالماقچى بولسا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بېرەتتى».

قېرىندىشىمىز سۇھەيب شامى ماڭا مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەردى: 60 ياشلار ئەتراپىدىكى ئافغانىستانلىق بىر بوۋاي ئۈچ سائەتلىك مۇساپىدىكى ئورۇندىن ئۇلارنىڭ يېنىغا مېڭىپ كەپتۇ. ئۇ بىر پاقلاننى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، تولىمۇ چارچاپ كەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بەكمۇ قىينىلىپ ماڭىدىكەن. ئەجەبلىنەرلىكى، بەردەم يىگىتلەرگىمۇ قىيىن كېلىدىغان بۇ مۇساپىنى ئۇ بوۋاي قانداقمۇ مېڭىپ بولغاندۇ؟ ئۇلار بوۋاينى «پاقلىنىنى سېتىش ئۈچۈن كەپتۇ» دەپ ئويلاپ قاپتۇ. قېرىنداشلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، بوۋاي: «مەن مۇجاھىدلارنىڭ مۇشۇ يەردە بارلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ پاقلاننى ئۇلارغا ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن

ئەكەلدىم» دەپتۇ. بوۋاي قېرىنداشلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېتىپ بولۇپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن مۇجاھىدلار ماشىنا بىلەن جەڭ ئەمەلىيىتى قىلغىلى مېڭىش يولىدا بوۋاينىڭ ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن تاغلار ئارىسىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ۋاھالەنكى، بۇ قاتتىق ئىسسىق بولغان ۋاقىتلار ئىكەن.

ئى قېرىندىشىم! الله سىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن. ئى قەدىردان بوۋا! موھتاجلىقىڭىز ۋە يېشىڭىزنىڭ چوڭلۇقى سىزنى ھەدىيە قىلىشتىن، سېخىيلىقتىن ۋە ئائىلەڭلەرنىڭ رەببىدىن ئەجىر ئۈمىد قىلىشتىن توسۇپ قويالماپتۇ. مەن سىزگە خۇددى سىزگە ئوخشاش كىشىلەرگە ئېيتىلغاندەك سۆزنى ئېيتىمەن: «ئەگەر سىزدىن باشقا بىر كىشىدە سېخىيلىق بار دېيىلسە، چوقۇمكى، ئۇ سىزدىن ھالقىپ كەتكەن سېخىيلىقتۇر».

ئەرشەد. ئۇ ئۆزىدىكى بوشاڭلىق ۋە قورقۇنچاقلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مۇرتەدلەرنىڭ ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشنى قارار قىلغان ۋاقىتتا، تېخى 18 ياشتىن ئاشمىغان ياش يىگىت ئىدى. الله نىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ بۇ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ناھايىتى كۆپ كاپىرلارنى يەر چىشلەتتى. ئۇنىڭ دادىسى مۇنداق دېگەن: «ئوغلۇمنىڭ شەھىدلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا الله قا شۈكۈر ئېيتىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم. ئەرشەد بىزگە مۇجاھىدلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشتە مۇستەھكەم تۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلغان، شۇنداقلا ئۇ يەنە شەھىدلىكىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىغا مۇجاھىدلارنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرىشنى تاپىلىغان ئىدى».

ئى ئەرشەدا! الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن ۋە سېنى كەۋسەرى جەننەتلىرىدە ئورۇنلاشتۇرسۇن. ھەقىقەتەن سەن بىزگە ئۆلۈمىڭدىن كېيىنمۇ دوستلۇقۇڭنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردىڭ.

قېرىندىشىمىز ئىبراھىم ئىراقى رەھىمەھۇللاھ ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: ئۇ بىر ئۆيدە تۇرغان ۋاقىتتا، بىر ياشانغان ئايال ئۇلارغا ھەر كۈنى چاي ۋە سۈت ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى بەكلا ھۆرمەتلەيدىكەن. قېرىنداشلار بۇ ئۆيدىن كەتمەكچى بولغاندا، ھېلىقى ياشانغان ئايال بىر توپ كىچىك باللىرى بىلەن تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قاپتۇ ۋە مۇجاھىدلارنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ كەتمەسلىكىنى ئۆتۈنۈپ يىغلاپتۇ. ئۇ ئايالنىڭ شۇ ھالىتى خۇددى مۇنداق دەۋاتقاندەك ئىدى:

سىلەركى بىز ئۈچۈن جاندىن ئەزىز ۋە بىباھا شۇنچە،
سىلەرسىز ياز زىمىستاندۇر، تورزۇغاي باغدىمۇ غۇنچە.

ئۇلار مۇجاھىدلارنىڭ كۆچۈپ كېتىپ، ئۆيىنىڭ مۇجاھىدلاردىن خالىي قالغانلىقىنى، ئۆزلىرىگە بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى باشقا قېرىنداشلارغا ئېيتقان ئىكەن.

بۇ يەردىكى ئەنسارىلار بالدۇر ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. بىز بىر قېتىم ئەنسارىلارنىڭ يېنىدا ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە بەكلا كېچىكىپ كەلدۇق. بىز بەك كەچ قالغان بولغاچقا، بىزنى كۈتۈۋالىدىغان بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچرىتالمايمىز دەپ ئويلىغان ئىدۇق. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن ئۆيدىكى چوڭ-كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى كېلىدىغانلىقىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، بىزنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەتتاكى، ئاياللارمۇ بىزگە كەچلىك تائام تەييارلاپتۇ. بىز ئۆي ئىگىسىگە: «بۇ كېچىدە سىلەرگە تاماق پىشۇرغۇزۇپ، ئاۋارە قىلىپ قويۇپتۇق» دېسەك، ئۆي

ئىگىسى بىزگە: «ئەگەر مۇجاھىدلارنى گۆش بىلەن مېھمان قىلسامۇ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىنى ئادا قىلدىم دەپ ئويلىمايمەن» دېدى.

الله ماڭا چەكسىز نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئېسىل ۋە ئەزىز پىداكار قېرىنداشنى ماڭا رىزىق قىلىپ بەرگەنلىكى ئەنە شۇ نېئمەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئىدى. ئۇ قېرىندىشىم بولسا كۈۋەيتلىك ئەبۇ مۇسئەب بولۇپ، ئۇ كىشى مېنىڭ جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنى ياخشى كۆرۈشۈمگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بىز الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشكەندىن بۇيان بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغاندۇق. كېيىنچە الله بىزنى بىرلىكتە جىھادقا چىقىشنى مۇيەسسەر قىلدى. بىز جىھاد ساھەسىدە بىرقانچە ئاي بىللە ياشاپ مۇشۇ يولدىكى قىسمەن ئىشلاردا ھەمكارلاشتۇق. الله تائالا بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن، مېنىڭ ئۇنىڭدىن يىراق ئورۇندا خىزمەت قىلىشىمنى ۋە ئۇنىڭمۇ يىراق بىر سەپەرگە مېڭىشىنى تەقدىر قىلدى. بىز قايتا ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ ئايرىلدۇق.

بۇ قېتىمقى ئايرىلىشىمىز تۆت يىلغا يېقىن داۋام قىلدى. الله يولىدا ئايرىلغانلىقىمىز ۋە ئاندا-ساندا يېزىشقان خەتلىرىمىز ھەسرىتىمىزگە تەسەللىي بېرەتتى. ئۇ ماڭا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دەپتۇ: «ئى قېرىندىشىم ۋە سۆيۈملۈك دوستۇم! ئىككى يىلدىن بۇيان سەندىن ئايرىلىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ ياشاۋاتىمەن. ئەھلى-بالىلىرىم ۋە يۇرتۇمدىن ئايرىلىشىمۇ ماڭا بۇ قەدەر قىيىن تۇيۇلمىغان ئىدى. نەۋاف مۇتايرى ۋە مۇھەممەد بەھھار بىلەن بولغان گۈزەل ئەسلىمىلىرىمىزنى دائىم ئەسلەيمەن. ئاشۇ ئەسلىمىلەر مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىپ، داۋاملىق ئازابلاپ يۈرىكىمنى پۇچۇلايدۇ. مەن الله تىن بىزلەرنى ئالىي فىردەۋستە

جەم قىلىپ بېرىشنى سورايمەن».

شۇنداق، قېرىنداشلاردىن ئايرىلىش بەكمۇ قىيىن بىر ئىش. لېكىن، بىز الله نىڭ ﴿وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ»[1] دېگەن سۆزى ئارقىلىق تەسەللىي تاپىمىز. مەن دائىم ئەبۇ مۇسئەبكە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم، بەلكىم پات يېقىندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشىم مۇمكىن.

الله ئۇچۇن ياخشى كۆرۈش مېنى ئەبۇ پىدا (مۇھەممەد شامى رەھىمەھۇللاھ) بىلەن جەم قىلغان ئىدى. ئۇ بىزنى ھەردائىم، بولۇپمۇ ئۆلتۈرۈلۈش ۋە شەھىد بولۇشقا يېقىن بولغان جىھاد ئالدىنقى سەپلىرىدىكى ۋاقىتلىرىمىزدا ئايرىلىشنىڭ باشلىنىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتاتتى. ئەبۇ پىدانىڭ ماڭا ئەۋەتكەن خېتىدىكى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

يېنىمدىلا تۇرغان بىر ۋاراقنى قولۇمغا ئالدىم، ئۈستىگە قىزىل رەڭدە «ئەبۇ پىدا شامى» دەپ يېزىلغانىكەن. مەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشكە قىزىقىپ، ئالدىراپ خەتنى ئاچتىم. خەتنى ئېچىشتىن بۇرۇنلا قەلبىم خەتنىڭ مەزمۇنىنى تۇيۇپ بولغانىدى. خەت مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: «قېرىندىشىم ئەبۇ ھەسەن! يازغان ئاخىرقى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، گۈزەل ھېس-تۇيغۇلارغا چۆمدۈم. سىزنىڭ سېغىنىش ھىدلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان خەتلىرىڭىزگە تويماي قارىدىم».

[1] سۈرە ئال ئىمران 170- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خەت مانا مۇشۇنداق تەكەللۇپسىزلا يېزىلغان بولسىمۇ، قەلبىم دەرھاللا مەمنۇنىيەت ھېسلىرىغا چۆمدى. ئى ئەزىز قېرىندىشىم! سىزنى قانچىلىك كۆرگۈم كەلگەنلىكىنى بىر الله بىلىدۇ. مېنى يېنىڭىزغا ئاپىرىپ قويۇشى ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ بۇلۇتلارغا پىچىرلىدىم. الله بىلەن قەسەمكى، سىزنى بىر لەھزە بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدە يۈردۈم.

شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، بۇ خەت ۋىدالىشىش خېتى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۈچ كەلگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن سېغىنىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. ئەسلىدە تىللاردا ئاددىيلا ئېيتىلىدىغان «سېغىنىش» دېگەن بۇ سۆزنى چۈشىنىمەن دەپ ئويلايتتىم، لېكىن سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن سېغىنىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ يەتتىم. ئەسلىدە سېغىنىشنىڭ مەنىسىنى پەقەت ھىجران ئازابىنى تارتقان كىشىلا بىلىپ يېتىدىكەن.

ئەسلىسەم سېنى ھەر چاغ، نۇرلىنار كۆزۈم چاقناپ،
ۋىسال قۇچماققا ئات سالدىم، يۈرەكتە ئوت، قەلب مۇشتاق.

سۆيۈملۈك قېرىندىشىم! مېنىڭ سىزنى الله ئۈچۈن قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىم الله قا ئايان. ئى قېرىندىشىم! مېنى ھەرقاچان دۇئايىڭىزدا ئۇنۇتماڭ، دۇئالىرىڭىزدا الله نىڭ مېنى ۋە سىزنى ئۆزىنىڭ ئەرشى ئاستىدا سايىدىتىشىنى، بىزلەرنى ئۆزىنىڭ جەننەتلىرىدە جەم قىلىپ بېرىشىنى سوراڭ».

سۆيۈملۈك دوستىمىز ۋە ئاتىمىز ئۇستاز ئەتيەتۇللاھنىڭ شەھىدلىكى سەۋەبلىك ئۇستازىمىز ئەبۇ يەھياغا ۋە ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىپ يازغان رىسالەمنى ئەبۇ يەھياغا ئەۋەتكەن ئىدىم. ئۇ مۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

«ئى سۆيۈملۈك قېرىندىشىم! جىھاد كارۋىنىدىكى ھەمراھىمىز ئۇستاز ئەتيەتۇللاھقا تەزىيە بىلدۈرۈپ يازغان تۇنجى رىسالەڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. الله سىلەرنى ياخشىلىقلار بىلەن مۇكاپاتلىسۇن! تەسەللىي بېرىش ۋە دوستلۇققا ۋاپا قىلىش دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. دۇنيادا ئۇستاز ئەتيەتۇللاھ يوق بىر كۇنمۇ ياشىغۇم يوقلۇقىنى الله تائالا ياخشى بىلىدۇ. مەن ئۇنى الله ئۇنىڭغا ئەقىل، ھېكمەت، سالماقلىق، سەۋر- تاقەت، ئىلىم، تەجرىبە ۋە تەمكىنلىكتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەتلەرنى ئاتا قىلغان كىشى دەپ بىلىمەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ شەھىدلىكىنى بىزگە كەلگەن چوڭ بىر مۇسىبەت دەپ ھېسابلايمەن (بىز ئۇنى شۇنداق ئويلايمىز، الله ئەڭ ياخشى ھامىيدۇر)».

ئۇستاز ئەتيەتۇللاھ لىبىي رەھىمەھۇللاھ بىز بىلەن خوشلىشىپ (ئاخىرقى قېتىم جەڭگە) ماڭغاندا، مەن (ئەبۇ يەھيا لىبىي) ۋە فەرسىي راھان ئىككىمىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزدىن تولىمۇ ئەنسىرىگەن ئىدۇق. الله بىلىدۇكى، ئەتيەتۇللاھ بىلەن مېنىڭ ئارامدا ھاسا بىلەن قىلىچتەك چوڭ پەرق بار بولسىمۇ، لېكىن الله بىزنى بىرلەشتۇرگەنىدى. بىز ھىجرەت، جىھاد، سەپەر، ئىلىم ئېلىش ۋە دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىشتا بىر-بىرىمىزگە ھەمراھ بولدۇق. ئاخىرىدا مەسئۇللۇق ئىمتىھانلىرىدىكى ھەمراھلارغا ئايلاندۇق. ئۆزرىلىرىمىز چىن قەلبىمىزدىن ئېيتىلىدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە پەقەتلا مالامەت قىلىشمايتتۇق. شەيخ ئەتيەتۇللاھقا كۆپ قايغۇردۇم. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، الله ئۆز تەۋپىقى بىلەن بىز ۋە سىلەرگە ئىگە بولسۇن!

مەلۇم بىر شائىر مۇنداق ئوتلۇق مىسرالارنى قالدۇرغان:

سىنىڭدىن ئايرىلىپ دوستۇم، خۇرسەنچىلىك يوق ماڭا،
مىڭ دوستۇمنىڭ ئىچىدە سەندەك يۈلەك يوق ماڭا.
پەزىلەتتە سەن كەبى داۋان ئاشقان يوق ماڭا،
خىسلەتلىك ھەم ۋاپادار جانجىگەرىم يوق ماڭا.

ئۇستاز ئەبۇ يەھيا لىبىي رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ رىسالىسىنى مۇبارەك بىر ھەدىس بىلەن تاماملىغانىدى. ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئۇ ئىككىسىدىن باشقىلار ئۇبەيد ئىبنى خالىد سۇلەمىدىن نەقىل قىلغان بۇ مۇبارەك سەھىھ ھەدىسنى سىز قېرىنداشىمغا سۇنىمەن: أن رسول اللّه ﷺ آخى بين رجلين، فقتل أحدهما ومات الآخر بعده، فصلينا عليه، فقال النبي ﷺ: «ما قلتم؟» قالوا: دعونا له اللّهم اغفر له، اللّهم ارحمه، اللّهم ألحقه بصاحبه، فقال النبي ﷺ: «فأين صلاته بعد صلاته؟ وأين عمله بعد عمله؟ فلما بينهما كما بين السماء والأرض» [پەيغەمبەر ﷺ ئىككى كىشىنى قېرىنداش قىلىپ قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى شەھىد قىلىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە بىرىمۇ ۋاپات تاپتى. بىز ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردۇق. پەيغەمبەر ﷺ: «(سىلەر ئۇ ھەققىدە) نېمە دېدىڭلار؟» دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر: «<ئى الله ! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا قوشقىن> دەپ دۇئا قىلدۇق» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ھەمراھىدىن كېيىن (ئوقۇغان) نامىزى قەيەردە؟[①] ئۇنىڭ ھەمراھىدىن كېيىن (قىلغان) ئەملى قەيەردە؟ ئەلۋەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئاسمان ۋە زېمىنچىلىك پەرق بار»

[①] ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «عون المعبود» ناملىق كىتابىنىڭ 11- توم 143- بېتىدە مۇشۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى: «پەيغەمبەر ﷺ نېمە ئۈچۈن شەھىد بولمىغان كىشىنىڭ ئەملىنى شەھىد بولغان كىشىنىڭ ئەملىدىن ئارتۇق ھېسابلىغاندۇ؟» دەپ سورىسا، مەن ئېيتىمەنكى، پەيغەمبەر ﷺ شەھىد بولمىغان كىشىنىڭ مۇكەممەل ئىخلاسى ۋە الله قا بولغان تەقۋالىقى بىلەن شەھىد بولغان كىشىگە باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلگەن. شۇ سەۋەبتىن، قېرىندىشى شەھىد بولغاندىن كېيىن قىلغان ئەمەللىرى ئارقىلىق ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان زېمىندەك پەرق بارلىقىنى بايان قىلغان.

دېدى.

سۆيۈملۈك قېرىنداشىمىز ھەمزە دەرناۋى مۇنداق دېگەن: «ئافغانىستانلىق قېرىنداشىمىز ئابدۇللاھ ئافغانى، ئابدۇسالام تۈركىستانىنىڭ قەبرىسى يېنىدا توختىغاندا (ئۇنىڭ بىلەن ئابدۇسالام الله ئۈچۈن دوستلاشقانلار ئىدى): «مەن پات يېقىندا بۇ يەرگە دەپنە قىلىنىمەن» دېگەنىدى. دەرۋەقە، بۇ كىشى شەيخ ئەبۇ لەيس بىلەن بىللە شەھىد قىلىندى ۋە ئابدۇسالام تۈركىستانىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىندى.

شەيخ ئەبۇ سالىھ مىسرى رەھىمەھۇللاھ تۈرمىگە قامىلىپ ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن جىھاد سېپىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاشۇ ئۇزۇن يىللىق تۈرمە ھاياتىدا مەجبۇرىي ئايرىلغان قېرىنداشلىرىنى قايتا كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرگەن ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ دوستى شەيخ خالىد رەھىمەھۇللاھ توغرىلىق سورىدى. ئۇنىڭغا: «شەيخ خالىد شەھىد قىلىندى» دېيىلگەندە، ئۇ يەنە باشقا قېرىنداشلىرىنى سورىغانىدى، «ئۇلارمۇ شەھىد قىلىندى» دېيىلدى.

ئۇ قاتتىق قايغۇرغانلىقتىن ئۇنىڭغا يېرىم پالەچلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان كېسەل تېگىپ، بىرقانچە كۈن يېتىپ قالدى. ئاخىرىدا الله ئۇنىڭغا يەرلىك دورىلار بىلەن شىپالىق بەردى.

مىساللار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەقىللەر ھەممىنى ئەستە ساقلاشتىن ئاجىزدۇر. ئۈمىدكى، الله باشقا ئورۇنلاردا بايان قىلىشقا ئىمكان بەرسە ئەجەب ئەمەس.

# خاتىمە

ئى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرگۈچى قېرىنداش! الله ئۈچۈن دوستلىشىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى پەزىلىتىنى ۋە دوستلاشقۇچىلارنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسىنى تونۇپ يەتتىڭىز. «سىزنى پەيغەمبەر ﷺ، ساھابىلەر، تابىئىنلار، ئۇلاردىن باشقا ئالىملار ۋە ئىبادەتكارلارنىڭ نەزىرىدىكى ياخشى كۆرۈش قىسسىلىرى، شۇنداقلا مۇشۇ زاماندىكى مۇجاھىدلارنىڭ قىسسىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتى» دەپ ئويلايمەن.

«سېنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن» دېگەن بۇ سۆز كىمگىلا ئۇچراشسىڭىز ئېيتىۋېرىدىغان قەدىرسىز بىر سۆزگە ئايلىنىپ قالمىسۇن. ئەمما، ئۇ سۆزنى دېيىشتىن بۇرۇن سۆزىڭىزدە راستچىل بولۇڭ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېرىندىشىنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن كىشىگە قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىغا قاراڭ! مانا بۇنىڭدىن بىلىۋالالايمىزكى، بۇ سۆز ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دەپ قويساق مەسىلە ئاخىرلىشىدىغان ئېتىبارسىز سۆز ئەمەستۇر.

داۋاملىق الله ئۈچۈن دوستلىشىشقا دەۋەت قىلىڭ ۋە ئۇنى بەرپا قىلغۇچى بولۇڭكى، ھەرگىزمۇ دوستلاشقۇچىلارغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان توسالغۇ بولۇپ قالماڭ. ئەمىرلەرگە شۇنداق تەۋسىيە قىلىمەنكى، ئىككى قېرىنداشنىڭ الله ئۈچۈن دوستلاشقانلىقىنى بىلسىڭىز، ئۇ ئىككىسىنى بىر ئورۇندا قالدۇرۇپ قويۇشقا تىرىشىڭ ۋە كۈچلۈك مەنپەئەت بولمىسا ئۇلارنى ئايرىۋەتمەڭ.

قېرىندىشىم! سىزگە شۇنداق نەسىھەت قىلىمەنكى، ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدىكى دۇنيا ئۈچۈن دوستلىشىش، شەخسىي مەنپەئەت ئىزدەش ۋە دۇنياۋى شەھۋەتلەر ئۈچۈن ئالاقىسىنى ئۈزۈشتىن ئىبارەت كۆرگەن

ئىشلاردىن گاڭگىراپ قېلىۋاتقان بولسىڭىز، اللە ئۈچۈن دوستلىشىش ۋە ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت سىزنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرۈش ئۈچۈن جىهاد كارۋىنىغا قوشۇلۇشقا ئالدىراڭ. شۇندىلا سىز ئۆزئارا ياردەملىشىش، پىداكارلىق ۋە اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشنىڭ يارقىن نامايەندىسى بولغان باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىش كارتىنىلىرىغا شاھىد بولىسىز.

جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ رەببى اللە قا خاستۇر. اللە نىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەركىتى سىلەرگە بولسۇن!


الحب الخالد
مەڭگۈلۈك دوستلۇق
ئەبۇ ھەسەن ۋائىلى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلھام